
# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى

(2)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى

(2)

مەھەممەت سىدىق تومۇرى
ھاجى ئەخمەت
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: مۇتەللىپ پالتاخۇن
تۇرسۇن زىرىدىن

FROM THE LIBRARY OF PAHTA GULAMETTIN
EAST TURKISTAN NAT'L RESEARCH CENTER INC

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : ماخمۇتجان ئىسلام

# مۇندەرىجە


قۇشنىڭ ئارزۇسى ........................ 1
ئۆكۈز بىلەن پاقا ........................ 3
ماختانچاقنىڭ ئاقىۋىتى ........................ 4
تەدبىرلىك ئېشەك ........................ 6
ئىت مۈشۈككە نېمىشقا ئۆچ بولۇپ قالغان؟ ........ 8
تەكەببۇر مەلىكە ........................ 10
ھايۋانلارنىڭ دەتالاشلىرى ........................ 13
توشقان بىلەن ئۆدەك ........................ 14
ئىلان بىلەن چۈمۈلە ........................ 15
ئىبرەت ........................ 17
نوچى بىلەن چىچەن ........................ 18
تۆت دوست ........................ 20
مۈشۈك بىلەن تۈمۈچۈق ........................ 24
كالا بىلەن ئۆشكە ........................ 25
ئانار ........................ 27
كۈن ۋە ھەسەن ـ ھۈسەن ........................ 29
توخۇ، سۈسەر ھەم چاشقان ........................ 30
ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئۆرۈك ........................ 32
كىرپە بىلەن توشقان ........................ 34
تۈلكە بىلەن چۈجە ........................ 35
ھورۇن ئېشەك ........................ 36

تۈلكە بىلەن غاز ........ 37
پادىشا بىلەن چۈمۈلە ........ 39
بېغەم كىشى ........ 41
قىزغانچۇق خوشنىلار ........ 43
پادىشانىڭ ساز تاللىشى ........ 44
باي بىلەن دېھقان ........ 46
ئاچكۆز ........ 48
ئىككى گېجەك ........ 49
پىل بىلەن خوراز ........ 51
تۈلكە بىلەن بۆدۈنە ........ 53
مۈشۈك پادىشا ........ 56
«ئەجەبمۇ سېسىق ئىكەن!» ........ 60
تۈلكە بىلەن تۇرنا ........ 63
ئۈچ تۈلكە ........ 66
تۈلكە بىلەن يولۋاس ........ 61
ھىلىگەر تۈلكە ........ 68
تاماخور بۆرە ........ 70
تۈلكىنىڭ تاپقان دورىسى ........ 71
ئات بىلەن يولۋاس ........ 73
ئاچ بۆرە ........ 75
بۆرە بىلەن ئۆشكە ........ 77
بوۋاينىڭ دوست ئىزلىشى ........ 80
شورپا قىلامدۇق ـ كاۋاپمۇ؟ ........ 82
بۇغا ........ 83
تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى ........ 84

توشقان ئۆۋلاش ........................ 85
تۈلكە بىلەن ئېيىق ........................ 87
پاقىنىڭ لاپ ئۇرۇشى ........................ 90
بورى بىلەن قاپاق ........................ 92
ئات بىلەن ئىت ........................ 95
قارا غوجا بىلەن تايغان ........................ 97
هورۇن ئىت ........................ 98
مۈشۈك بىلەن چاشقان ........................ 99
تۈلكىنىڭ قۇيرۇق تاشلىشى ........................ 101
مايمۇن بىلەن چۈمۈلە ........................ 103
بالا بىلەن تورغاي ........................ 104
سا بىلەن بۇدۇنە ........................ 106
خام خىيال ........................ 108
تاپقان پۇلنى ئۇچكە بولمەن ........................ 109
پۇشايمان ........................ 111
شەپەرەڭ بىلەن ئوكۇز ........................ 113
قايسى ئوينىڭ ئىگىسى رەھىمدىل ........................ 115
پەم ........................ 117
ئۈچ هورۇن ........................ 119
تەقدىرگە تەن بەرگەن ........................ 121
تومۇرچىنىڭ جاۋابى ........................ 123

# قۇشنىڭ ئارزۇسى

ئىلگىرى ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئەقىللىق بىر قۇش بولغان ئىكەن. ئۇ يېقىملىق سايراپ، ئادەملەرگە ئىنسانلارغا ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىكەن. بۇ قۇشنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر پادىشا ئۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئۇنى تۇتقۇزۇپتۇ ۋە رەڭمۇ-رەڭ پۇپۈك مونچاقلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن قەپەزگە سولاپ ئوردىسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. پادىشا بۇنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدىكەن، ئۆز قولى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدىكەن.

ئاردىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ. لېكىن قۇش بىر قېتىممۇ ئېچىلىپ سايرىماپتۇ. ئۇ، دائىم غەمكىن ھالەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرىدىكەن. بۇنى كورگەن پادىشا بىر كۈنى قول ئاستىدىكى ۋەزىر - ئۆلىمالىرىنى يىغىپ:

—ئېيتىڭلارچۇ، بۇ قۇش بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا نېمە ئۈچۈن سايرىمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ۋەزىرلەردىن بىرى:

—بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ كورەيلى،—دەپتۇ.

قۇشتىن نېمە ئۈچۈن سايرىمايدىغانلىقىنى سورىغان ئىكەن:

—قەپەزنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويساڭلار، دەرەخ ئۈستىگە قونۇپ سايراپ بېرىمەن،—دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قۇش.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشا قەپەزنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ، قۇش قەپەزدىن چىقىپتۇ – دە، مەجنۇن– تالنىڭ زىلۋا شېخىغا قونۇپ:

ئالتۇن قونداق قەپەزدىن،
ئىلىك – ئىلىك قومۇشۇم ياخشى.
بۇندا ھەسەل يىگەندىن،
ئەركىن تۇرمۇشۇم ياخشى!

دەپ بىر قېتىم سايراپلا، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ

## ئوكۈز بىلەن پاقا

ئوتلاپ يۈرگەن بىر ئوكۈز سۇ ئىچىش ئۈچۈن كولگە كەپتۇ. ئۇنى كورگەن پاقىلار ھەر تەرەپكە قېچىشىپتۇ. ھەممىسى ئوكۈزنىڭ يوغانلىقىغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. شۇ يەردە تۇرغان بىر قىزىل قولتۇق پاقا:

—ھوي، نېمىسىگە ھەيران بولىسىلەر ئۇنىڭ! يوغىناش قىيىن نەرسىمىكەن شۇنچە! مانا، ماڭا قاراڭلار. مەن ھازىر ئوكۈزدىنمۇ يوغان بولىمەن، —دەپتۇ. ئۇ، ئىچىگە ھاۋانى تارتىپ، كوپۇشكە باشلاپتۇ ھەم يولداشلىرىدىن:

—ئوكۈزدەك بولدۇممۇ؟ —دەپ سوراپتۇ. يولداشلىرى كۈلۈشۈپتۇ. كۈلگەنگە ئاچچىقى كەلگەن پاقا ئوكۈزدەك بولىمەن دەپ، كۈچىنىپ ئىچىگە ھاۋانى تارتىۋېرىپ، چىڭقىلىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ كۈچىسىز، نېپىز قوساق تېرىسى «پوككىدە» يېرىلىپتۇ ــ دە، ئولۇپتۇ. «ئوزەمنى بىلمەي شىلتىنىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يوگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دىگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

---

# ماختانچاقنىڭ ئاقىۋىتى

ئىلگىرى ئاۋات بىر تاغ ئورمانلىقىدا خىلمۇ-خىل هايۋاناتلار ياشايدىكەن. يولۋاس دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشا بولغاندىن كېيىن، ئالدىغا ئۇچرىغاننى يەپ، خالىغاننى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېرىپتۇ. هايۋاناتلار تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كېتىپ، ئورمانلىقتا يولۋاسنىڭ ۋەزىرى تۈلكىلا يالغۇز قاپتۇ.

تۈلكە ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزلەپتۇ. يولۋاسنىڭ ماختاشنى ياقتۇرىدىغان خۇي-پەيلىنى بىلگەچكە:

—ئۆزلىرىنىڭ بوۋىسى يولۋاس غوجام،—دەپتۇ تۈلكە قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ،—ناهايىتى قامەتلىك، باتۇر ئىدى، شىكارغا تولا چىقاتتى، خالىغان ۋاقىتتا تاغدىن-تاغقا سەكرەپ، باتۇرلۇقنى مەشق قىلاتتى. ئۆزلىرىنىڭ خۇي-پەيلىمۇ يولۋاس غوجامغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

—هەم، بەللى-بەللى!—دەپتۇ يولۋاس خۇشاللىقىدىن كېرىلىپ،—بوۋامنىڭ پەزىلەتلىرىنى نېمە ئۈچۈن ماڭا بالدۇرراق سۆزلەپ بەرمىدىڭ؟

—ئۇلۇغ شاهىم،—دەپتۇ تۈلكە ئىككى پۈكلىنىپ،—ئۆزلىرىدىن تەپتارتىپ سۆزلىمىگەن ئىدىم. «ئاتىسىنىڭ

ئىزىنى بالىسى باسىدۇ» دېگەن ماقال بار، سىلىمۇ بوۋى-
لىرىڭىزنىڭ ماھارىتىنى ھەشق قىلىپ تۇرسىلا.

ماختانچاق يولۋاس بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەمەن ئۇ-
چۇن تاغدىن - تاغقا سەكرەپ ئۆتۈش ھېچگەپ ئەمەس»
دەپتۇ - دە، ئۆزى تۇرغان تاغدىن ئىككىنچى تاغقا قاراپ
سەكرىگەن ئىكەن، تاغ جىلغىسى ئارىلىغىدىكى توختام سۇ-
غا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ.

## تەدبىرلىك ئېشەك

بىر ئېشەك ئېدىرلىقتا ئوتلاۋاتسا، ئاچ قالغان بىر بۆرە كېلىپ قاپتۇ.

— ئوھوي، خويمۇ ئۇچراشتىڭ، — دەپتۇ بۆرە ئېشەككە قاراپ، — نەچچە كۈندىن بېرى سېنى ئىزلەپ يۈرەتتىم.

— نېمە قىلاتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئېشەك بۆرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپ.

— سېنىڭ گۆشۈڭ ماڭا دورا بولۇپ قالدى، رازى بول! — دەپتۇ بۆرە.

يىراق - يېقىندا قۇتقۇزۇۋالىدىغان ئادەم يوقلۇقىنى بىلگەن ئېشەك ۋاقىرىيالماي كۆزىدىن ياش تۆكۈپ:

— ۋاي ئىست! ۋاي ئىست! — دەپ نالە قىپتۇ.

— ھە، نېمىگە ۋاي ئىست دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بۆرە.

— ۋاي، جان دوستۇم، — دەپتۇ ئېشەك، — مەرھۇم ئاتام ھايات ۋاقتىدا پۇتۇمنىڭ تۇۋىغى ئاستىدىكى بوشلۇققا بىر قارا خەت پۈتۈپ قويغان ئىدى، ئۆلۈمۈم ئالدىدا شۇنى بىر ئوقۇپ بەرسەڭ، سەندىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاتتىم.

— بەرىبىر سېنى يەيمەنغۇ، بوپتۇ، ئوقۇپ بەرسەم بېرەي، قېنى كۆرسەت! — دەپتۇ بۆرە. ئۇ ئېگىلىپ يېقىن

كېلىشىگە ئىشەك راسا كۆچەپ بورىنىنىڭ قۇلىغى تۈۋىگە قاملاشتۇرۇپ بىرنى تەپكەن ئىكەن، بورە تىك موللاق چۈشۈپ جان تالىشىپتۇ ۋە مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپ جان ئۈزۈپتۇ:

ئاتام ئوقۇمىغان قارا خەتنى،
ئانام ئوقۇمىغان قارا خەتنى؛
ئوقۇيمەن دەپ بىكار تاپتىم،
جېنىمغا توختىغان دەرتنى.

# ئىت مۈشۈككە نېمىشقا ئۆچ بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنىسىدا ئىت بىلەن مۈشۈك دوست بوپتۇ. مۈشۈك ئۆزىنى ئۇستا مۈزدۈز، دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. بىر يىلى كۈزدە ئىت ئۇنىڭغا:

—قىش كېلىپ، سوغاق چۈشكىچە ماڭا بىر جۈپ ئۆتۈك تىكىپ بەرسەڭ، —دەپتۇ.

—ماقۇل، يارىغىدەك قىلىپ تىكىپ بېرىمەن. لېكىن، بىر ئاي مۆھلەت كېرەك، —دەپتۇ مۈشۈك.

—ۋاقتى نېمانچە ئۇزۇن؟ تېزرەك بولسا ياخشى بولاتتى، —دەپتۇ ئىت.

—ھۈنەرگە ئۇستا بولغىنىم ئۈچۈن قولۇم بېسىق، سۈپەتلىك تىكىش ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ، —دەپ ماختىنىپتۇ مۈشۈك.

ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىپ ئاخىرى ئىككى ھەپتىگە پۈتۈشۈپتۇ. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپتۇ، ئەمما مۈشۈك ھورۇنلۇق قىلىپ قەيەر ئىسسىق بولسا شۇ يەردە ئۇخلاپ ئۆتۈكنى تىكمەپتۇ. دىگەن قەرەلدە ئىت ئۆتۈكنى ئالغىلى مۈشۈكنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

—ئىشىم بېسىق بولۇپ كېتىپ، تېخى قولغا ئالمىدىم، پىچىپ تەييارلاپ قويغان ئىدىم، خاپا بولماي بىر ھەپتە-

دىن كېيىن كەلگىن، — دەپتۇ مۈشۈك. ئىت قايتىپ كېتىپتۇ. بارغانسېرى سوغاق چۈشۈپتۇ. پۈتۈشكەن قەرەلدە ئىت يەنە كەپتۇ.

— ئوتكەن ھەپتە ئاغرىپ قېلىپ ئىش قىلالمىدىم. كېلەر ھەپتە كەلسەڭ، — دەپتۇ مۈشۈك كوزىنى يۇمۇپ خىجىل بولغان قىياپەتتە.

ئىت ئىلاجىسىز يەنە قايتىپ كېتىپتۇ. سوغاق تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ئىت تولا بېرىپ مۈشۈكتىن ئوتۈكنى ئالالماپتۇ. ئىت ھەر قېتىم بارغاندا:

— پۈت... پۈت!... مانا ھازىر قېلىپقا تارتىپ قويدۇم، ئەتىلا پۈتكۈزۈپ بېرىمەن، پۈت - پۈت!... — دەيدىكەن مۈشۈك سۈ پۈركۈپ تۇرۇپ.

ئوتۈكنى ئالالماي سوغاقتا پۈتى توڭۇپ كەتكەن ئىت جىلى بولۇپ ئاخىر ئوزىنى بېسىۋالالماي غەزەپ بىلەن مۈشۈككە ئېتىلىپتۇ. مۈشۈك دەرھاللا يېنىدىكى ئىگىز دەرەخكە ياماشىپ چىقىۋاپتۇ.

شۇندىن بۇيان ئىت مۈشۈككە ئوچ بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئىت قانداقلىكى يەردە مۈشۈكنى كورسە، ئېتىلىپ بېرىپ قوغلاپ سۈرىدىكەن. مۈشۈكمۇ «پارتىدە» قېچىپ دەرەخكە چىقىۋالىدىكەن - دە، «پۈت - پۈت... ئوتۈكنى قېلىپقا تارتىپ قويدۇم، ئەتىلا پۈتكۈزۈپ بېرىمەن» دەپ كونا گېپىنى تەكرارلايدىكەن. «يالغانچىنىڭ ئەتىسى توگىمەس» دىگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغان ئىمىش.

# تەكەببۇر مەلىكە

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاي دىسە ئاي ئەمەس، كۈن دىسە كۈن ئەمەس گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن. مەلىكە بويىغا يېتىپ، كوزگە كورۇنگەندە تەرەپ-تەرەپتىن لايىق چىقىپ، قۇلىغىنى تىنجىتمايدىغان بوپتۇ. لېكىن، مەلىكە لايىقلار-نىڭ بىرىنى «ئورۇق»، بىرىنى «سېمىز»، بىرىنى «پاكار»، بىرىنى «ئېگىز» دەپ ئەيىپ قويۇپ ياندۇرىۋېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ سىنىقىدىن ھېچكىم ئوتەلمەي، كوپ يىللار ئوتۇپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا قىزىنىڭ ۋاقتى توشۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ:

— قىزىم، مەن قېرىپ قالدىم. كوزۇمنىڭ ئوچۇقلۇ-غىدا ئاتىلىق پەرزىمنى ئادا قىلىۋەتسەم دەيمەن. ھەر قانداق مەقسەت-مۇددىئايىڭ بولسا ئېيتقىن،— دەپتۇ.

— ئەي جېنىم دادا،— دەپتۇ قىز دادىسىغا،— مەندەك گۈزەلنى بۇ ئىقلىمدا ئەمەس، يەتتە ئىقلىمنىڭ ھېچقاي-سىسىدا ھېچكىم كورمىگەن. مەن يەر يۈزىدە تېخى ئوزتەڭ-دىشىمنى ئۇچراتمىدىم. قاچان تەڭداش تېپىلسا، ئوزەمگە قوبۇل كورىمەن.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پادىشا قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، — سەن دۇنيادا ھېچبىر تەڭدىشى يوق نەرسىنى ئىزلىمەكچى بولساڭ، كۈننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەلچى قويۇپ باققىن.

قىز پادىشانىڭ مەسلىھىتى بىلەن كۈننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي كۈن، — دەپتۇ كۆرەڭلەپ، — جىمى ئالەمدە سەن ۋە مېنىڭدەك تەڭدىشى يوقلارنى ئۇچراتمىدىم. سېنى ھەممىدىن ئارتۇق ۋە چىرايلىق بىلىپ ئۆزەمگە لايىق كوردۇم. ئەگەر سەن ئىختىيار قىلساڭ، ئىككىمىز ئۆمۈرلۈك يولداش بولساق دەيمەن.

كۈن قىزغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپتۇ - دە:

— رەھمەت مەلىكەم، مېنىڭمۇ ئۆزەمگە لايىق بىر كەمچىلىگىم بار. مېنىڭ چىرايلىق يۈزۈم سىزگە ئەرزىگەن بىلەن، شۇ چىرايلىق يۈزۈمنى بەزىدە بۇلۇت توسىۋالىدۇ، ئۇ چاغدا مەن سىزگە ئەرزىمەي قالىمەن. شۇڭا مەندىن ئارتۇقراق بۇلۇتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، شۇنىڭغا تەگسىڭىز توبدان بولارمىكىن، — دەپتۇ.

مەلىكە بۇلۇتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەي ئەقىللىق مەلىكەم، — دەپتۇ بۇلۇت، — مەندىن ئارتۇقراق تۇرىدىغان شامال بار، ئۇ مېنى خالىغان يەرگە ئۇچۇرۇپ كېتەلەيدۇ، شۇڭا مەن خىزمىتىڭىزنى ياخشى ئادا قىلالمايمەن، سىز بېرىپ شامالغا تەگسىڭىز قانداق بولارئىكىن!؟

مەلىكە بۇ يەردىن نائۈمىت بولۇپ شامالنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ شامال قىزنىڭ سوزىگە جاۋابەن، — تاغمۇ - تاغلاردىن ئېشىپ، ئوي - چوڭقۇرنى كېزىپ يۈرگىنىم بىلەن، بىر ئەسكى تامغىمۇ چامام يەتمەيدۇ، ئەسكى تام مېنىڭدىن كۈچلۈكرەك. سىز شۇنىڭغا ئېيتىپ باقىڭىز.

مەلىكە مەيۇسلەنگەن هالدا ئەسكى تامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالىنى بايان قىپتۇ.

— رەھمەت مەلىكەم، — دەپتۇ ئەسكى تام، — مەن شامالنى قورقۇتقىنىم بىلەن چاشقاندىن بەك قورقىمەن. ئۇ مېنىڭ ئاستىمغا كىرىۋېلىپ، بىقىنلىرىمنى غاجىلاپ، جېنىمغا ئارام بەرمەيدۇ. ئۇ مەندىن كۈچلۈكرەك، سىز بېرىپ شۇنىڭغا تېگىڭ.

مەلىكە بېرىپ چاشقانغا ئىلتىماس قىپتۇ. چاشقان ئۇيان - بۇيانغا قارىۋېلىپ ئاستا پىچىرلاپ شۇنداق دەپتۇ:

— جىمى ئالەمنىڭ كۈچلۈگى مۈشۈكتىن قورقمايمەن. خۇداغا شۈكرى، بىر - ئىككى ئېغىز ئۆيۈم بار. سىرتقا بېشىمنى چىقارماي تۇرۇپ، تويىنىڭ تەييارلىغىنى قىلالايمەن، — دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە شامال ئۆتمەيدىغان ئەسكى تامنىڭ خوجايىنى چاشقاننىڭ مېھمانخانىسىدا ئوي - جايلىق بولۇپ قاپتۇ.

## هايۋانلارنىڭ دەتالاشلىرى

ئات، سىيىر ھەم ئىت ئۈچى، كىشىلەر قايسىمىزنى ياخشى كورىدۇ، دەپ دەتالاش قىلىشىپتۇ.

— ئەلۋەتتە، مېنى، — دەپتۇ ئات، — مەن قوش تارتىمەن، تېرنا سورەيمەن، جاڭگاللىقتىن ئوتۇن توشۇيمەن، كىشىلەر مېنى مىنىپ شەھەرگە بارىدۇ. ئۇلار مېنىڭدىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ.

— ياق، مېنى ياخشى كورىدۇ، — دەپتۇ سىيىر، — مەن ئۇلارنى سۈت بىلەن باقىمەن.

— ياق، — دەپ سوز باشلاپتۇ ئىت، — مەن ئىگەمنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى ساقلايمەن، ئۇ مېنى ياخشى كورىدۇ.

بۇ دەتالاشنى بىر كىشى ئاڭلاپ تۇرغان ئىكەن. دەرھال:

— تالاشماڭلار، سىلەر ھەممىڭلار بىزگە كېرەك، ھەر بىرىڭلار ئوز ئورنىڭلاردا ياخشى، — دەپتۇ.

# توشقان بىلەن ئۈدەك

ئىككى ئويۇنچى ئۈدەك سۇدا ئۈزۈپ يۈرسە، بىر توشقان قىرغاققا كېلىپ:

— مېنى بىردەم ئويناتساڭلار، — دەپ يېلىنىپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ ئۈدەكۋايلار، — كەل، ئۈستىمىزگە چىق!

ئىككى ئۈدەك بىر - بىرىگە يانداشىپ، سۇدا يېقىن تۇرۇپتۇ. توشقانجان ئۈدەكلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆزىنى خۇددى قولۋاقتا ئولتۇرغاندەك ھېس قىپتۇ.

توساتتىن ئىككى ياقتا ئىككى پاقا كورۈنگەن ئىكەن، ئۈدەكلەر پاقىنى قوغلاپ، بىرى ئۇياققا، بىرى بۇياققا مېڭىپتۇ. بىچارە ئەخمەق توشقان سۇغا غەرق بوپتۇ.

# ئىلان بىلەن چۈمۈلە

بىر ئىلان يولدا كېتىپ بارسا، قىشلىق ئوزۇغىنى توشۇۋاتقان چۈمۈلىلەر ئۇچراپ قاپتۇ. ئىلان تەكەببۇرلۇق بىلەن:

— ھەي، پىندەك چۈپرەندىلەر، غوجاكاڭنىڭ كەلـ گەنلىكىنى كورۈشمىدىڭمۇ؟ نىمىشقا يول بوشىتىپ بەرمەيسەن؟ — دەپتۇ.

— كورۈشنى كوردۇق، يول كەڭرى، ئايلىنىپ ئوتەرمىكىن دەپ ئويلاپتۇق، — دەپتۇ چۈمۈلىلەر. ئىلان قاتتىق غەزەپلىنىپ شالىنى چىچىپتۇ:

— سىلەردىن قورقۇپ ئايلىنىپ ئوتەمەنمۇ؟ مېنىڭ ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەرقانداقىنى بىرلا چېقىپ ئوۋـ جۇقتۇرىدىغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ ھەر قايسىڭغا جان كېرەك بولسا، چاققان يول بوشىتىش!

بۇ يولسىزلىققا غەزەپلەنگەن چۈمۈلىلەر ئىلاننىڭ سوزىگە پەسەنت قىلماي ئوز ئىشىنى داۋام قىپتۇ. ئوز نەزىرىدە رەزگى كورۈنگەن چۈمۈلىلەرنىڭ كوزگە ئىلمايـ ۋاتقانلىقى ئىلانغا قاتتىق ئەلەم قىپتۇ ـ دە، بىر چۈمۈـ لىنى چىشلەپ ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بوپتۇ. بۇنى كورگەن چۈمۈلىلەر ئولگەن سەپدىشىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن

تۇشمۇ - تۇشتىن ئىلانغا يېپىشىپ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئىلان چىدىيالماي، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ بېقىپتۇ. بىراق، قۇتۇلالماپتۇ. ئاڭغىچە چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ، مېڭىسىنى تېشىشكە باشلاپتۇ. ئىلان جان ئاچچىقىدا «ۋاي، دات!» دەپ ۋارقىراپتۇ - دە، جان ئۈزۈپتۇ.

# ئىبرەت

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئادەم قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن دادىسىنى بېقىش ئېغىر تۇيۇلغاچقا، دەرياغا تاشلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغلى دادىسىنى كۆتىرىپ بېرىپ دەرياغا تاشلاي دەپ تۇرغاندا، دادىسى:

— بالام، مېنى تاشلىماقچى بولساڭ ئەنە ئاۋۇ... چوڭقۇر قاينامغا تاشلىغىن، — دەپتۇ ھاسىراپ، — مەنمۇ بوۋاڭنى شۇ يەرگە تاشلىۋەتكەن ئىدىم.

ئوغلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ: «مەن دادامنى خارلاپ دەرياغا تاشلىۋېتىدىغان بولسام، كەلگۈسىدە مېنىمۇ بالىلىرىم تاشلىۋەتسە قانداق بولغىنى؟»

شۇنىڭ بىلەن ئوغلى دادىسىنى ھاپاش قىلىپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە ھۆرمەتلەپ ئوبدان بېقىپتۇ.

# نوچى بىلەن چىچەن

مەھەللىدە بىر نوچى بىلەن بىر چىچەن ئادەم بار ئىكەن. كىشىلەر نوچىنى «بىلىگى كۈچلۈك» دەپ ئاتىشىدىكەن، چىچەننى بولسا «بىلىمى كۈچلۈك» دەپ ئاتىشىدىكەن. بىر كۈنى نوچى بىلەن چىچەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا گەپ تالىشىپ قاپتۇ.

— مىڭ جىڭ ئېغىرلىقتىكى تۆمۈرنى ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى تامدىن ئېتىپ ئۆتكۈزۈۋېتەلەيمەن، سۆۋادان تېرەكنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ تاشلىيالايمەن، — دەپتۇ نوچى ماختانغان ھالدا پو ئېتىپ.

چىچەن بوش كەلمەپتۇ. ئۇ يانچۇقىدىن شايى قولياغلىقىنى چىقىرىپ:

— گېپىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمگە قايىل بولدۇم. قېنى، بۇ شايى قولياغلىقنى ئېتىپ ئالدىمىزدىكى تامدىن ئۆتكۈزۈپ باقىن! — دەپتۇ.

نوچى شايى قولياغلىقنى قولىغا ئېلىپ كوزگە ئىلمىغان ھالدا ئاتقان ئىكەن، ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقىمۇ ئاتالماپتۇ. يەنە بىر نەچچە قېتىم كۈچەپ ئاتقان ئىكەن، نەتىجە چىقماپتۇ — دە، كىشىلەر ئالدىدا تازا ئوسال بوپتۇ.

چېچەن شايى قولياغلىقتا بىر سىقىم توپىنى چىگىپ ئاتقان ئىكەن، تامدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن نوچى چېچەننىڭ ئالدىدا ماختانمايدىغان بوپتۇ.

# تۆت دوست

بىدىنى تويغىچە يەپ، قوسىغىنى تازاكۆپتۈرۈۋالغان بىر ئېشەك ئەسكى تاملىقتىكى كۆلدە راسا ئېغىناپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپتۇ. بىردىن ئۇنىڭ ئېسىگە «بۇ دۇنيادا مېنى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بارمىدۇ؟» دىگەن ئوي كەپتۇ. نېرى ئويلاپتۇ، بېرى ئويلاپتۇ. ئاخىرى ھېچقانداق نەمىنىڭ ئېشەكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تاپالماپتۇ.

ئېشەك ئۆزىدىن ئۆزى رەنجىپ: «توختا، مەن بۇ دۇنيادا بىر ياخشىلىق قىلىپ، نامىمنى چىقىراي» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ياخشىلىق ئىزلەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يەرگە بارغاندا بىر قوشقار يولۇقۇپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئېشەك ئاكا! سەپەر نەگە؟— دەپ سوراپتۇ قوشقار. يولنى خېلى مېڭىپ زېرىككەن ئېشەك توختاپ تۇرمايلا:

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىنىم قوشقار، ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئۆزەڭ مايسىلىرى چىرايلىق ئېتىز تەرەپتىن كېلىۋېتىپسەن، غېمىڭ يوقتا ئوخشايدۇ؟ — دەپتۇ.

— سىزدىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قوشقار.

— مەندىمۇ غەم يوق، لېكىن ئاتا - بوۋىمىز «تۇ-

غۇلغانلار ئۆلىدۇ، بەلگىسىز بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما بىر
ياخشىلىق ئۆلمەي مەڭگۈ قالىدۇ، دەيتتىكەن. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن ئۆمرۈمدە بىر ياخشىلىق قالدۇراي دېگەن نىيەت
بىلەن ياخشىلىق ئىزلەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ ئىشەك.
يالغۇز قېلىپ زېرىككەن قوشقارغا بۇ سوز ناھايىتى يې-
قىپ كېتىپتۇ-دە:

— سىزنىڭ بۇ سەپىرىڭىزگە مەنمۇ ھەمرا بولسام، —
دەپتۇ.

— بولىدۇ، لېكىن ئوزۇغۇڭنى قانداق قىلىسەن؟

— مېنىڭ ئوزۇغۇم قەيەرگە بارسام تېپىلىدۇ، —
دەپتۇ قوشقار.

بۇ ئىككى دوست يولغا چۈشۈپتۇ. يولدا بۇلارغا بىر
خوراز، بىر كىرپە قوشۇلۇپتۇ. بۇ تۆت دوست بىر كۈنى
چولدە كېتىپ بارسا ئالدىدىن ئېچىقاپ كەتكەن بىر بورە
قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ چىقىپ قاپتۇ. بورىنى كورۇپ بۇ-
لارنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ.

— سىلەر يوشۇرۇنۇڭلار، — دەپتۇ ئىشەك دوستلىرىغا
ۋە ئوزى يول ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. قوشقار بىر قورام تاش-
نىڭ كەينىگە، خوراز بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا چىقىۋاپتۇ.
كىرپە بولسا بىر توشۈككە كىرىپ موكۇنۇۋاپتۇ.

ھېلىقى ئاچكوز بورە ئۇدۇللا ئىشەكنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ توختاپ:

— نەگە ماڭدىڭلار، ئىشەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەپەرگە.

— بالدۇرراق چىقساڭلارچۇ بۇ سەپەرگە. سىلەرنىڭ

كېچىكىشىڭلار مېنى بەك قىينىدى. سىلەر ئۇچرىمىساڭلار ئاچلىقتىن بۈگۈن ئۆلۈپ قالاتتىم. ھېلىمۇ ياخشى، سىلەرنى «خۇدا» يەتكۈزدى، — دەپ خوشال بولۇپ كېتىپتۇ بۆرە.

ئىشەك بىچارە نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

— قېنى سىلەر تۇت ئىككەيلەنلەر، ئاۋال بىرىنى چىقىرىپ بەرگىن، بىر - بىرىدىن يەي، — دەپتۇ بۆرە.

ئىلاجىسىز قالغان ئىشەك بىر تەرەپتىن قورقسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن غەيرەتلىنىپ:

— بوپتۇ، ئاۋال مېنى يەڭ، لېكىن تولا قورقۇتماستىن يەڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئارقامنى قىلىپ، پۇتۇمنى كېرىپ بېرەيمەن، شۇ تەرىپىمدىن كېلىپ قوسىقىمنى يېرىپ يەڭ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بۆرە ئىشقىلىپ يېسەم بولىدۇغۇ، دەپ ئويلاپتۇ-دە:

— قېنى قانداق تۇرۇپ بېرىسەن؟ تۇرە. چاپسان! — دەپتۇ.

ئىشەك ئۆز ۋەدىسى بويىچە ئارقا ئىككى پۇتىنى كېرىپ بېرىپتۇ. بۆرە كېلىپ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن كىرىپ چىشلەي دېگەن ئىكەن، ئىشەك بۆرىنىڭ بويىنىنى مەھكەم قىسىۋېلىپ قاتتىق ھاڭراشقا باشلاپتۇ. قوشقار يۈگۈرۈپ كېلىپ بۆرىنىڭ بىقىنلىرىغا ئۈسكىلى تۇرۇپتۇ، ياغاچقا چىقىۋالغان خوراز «ق - ق قىق، ق - ق قىق!، تاياقنىڭ ئۇزۇنىنى كېسەيمۇ، قىسقىسىنىمۇ، يوغىنىنىمۇ - ئىنچىكىسىنىمۇ؟» دەپ شاختىن - شاخقا سەكرەپتۇ. كېرپە بولسا، توشۇكتە تۇرۇپ:

— مانا هازىر چىقىمەن، بىخ - بىخ! مانا ھازىر چىقىمەن، بىخ - بىخ! ھازىر چىقىپلا يامان قىلىمەن، تېرەڭنى تاسما، گوشۇڭنى ئاسما قىلىمەن، بۇنى قويۇپ بەرمە، چىلق تۇت! — دەپ ۋاقىراپ بېرىپتۇ.

ئىشەكنىڭ قىسىشى، توشقانىڭ ئۇسۇشى، خوراز بىلەن كىرپىنىڭ ۋاقىراشلىرىدىن ئەرۋايى ئۇچقان بورە ئاران قۇتۇلۇپ، بىر پۇتىنى سوروپ، تىلىنى چىقىرىپ، شولگىيىنى ئېقىتىپ ئارقىسىغا قارىماي قېچىپتۇ.

بورىدىن ئۇز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۇ تۆت دوست: «دۇنيادىكى ھەممە ياخشىلىقنىڭ يىلتىزى بىرلىك ئىكەن. بىز ئەمدى ئايرىلماس دوستلاردىن بولايلى!» — دېيىشىپ، شۇنىڭدىن كېيىن دوست بولۇشۇپ دۇنيادىن ئۆتكەن ئىكەن.

ഢഢഢഢഢ ◁ ✻ ▷ ഢഢഢഢഢ

# مۈشۈك بىلەن تۆمۈچۈق

مۈشۈك بىلەن تۆمۈچۈق ئۇچرىشىپ قاپتۇ. مۈشۈك دەرھال دوستلۇقتىن گەپ ئېچىپ:

— قەدىرلىك دوستۇم، كوينىگىڭ نىمە دىگەن چىرايلىق، مەن خېلى يىراقتىن سىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ كەلدىم، — دەپتۇ كۈلۈپ، — بىر دەم سايرىغىنا!

لېكىن، تۆمۈچۈق ئېھتىيات قىلىپ مۈشۈككە بەك يېقىن كەلمەپتۇ. كەچ بولۇپ ئايرىلىدىغان چاغدا:

— بۇرادەر، سەن نىمىدىگەن ياخشى، بۇندىن كېيىن پات - پات كورۈشۈپ تۇرايلى، — دەپتۇ مۈشۈك.

ئەتىسى ئۇچراشقاندا:

— ئاغىنە، بىزنىڭ دوستلۇغىمىز نەقەدەر چىڭ - ھە! سەن تارتىنماي يېقىن كېلىپ سايراپ، ئۇسۇل ئويناپ بەرگىن، — دەپتۇ مۈشۈك كۈلۈپ، — قارىغىنا، مەنمۇ ئۇسۇل ئوينايمەن!

تۆمۈچۈق مۈشۈكنىڭ سوزىگە ئىشىنىپ يېقىنراق كەلگەن ئىكەن، مۈشۈك كاپ قىلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.

تۆمۈچۈق ئولەر چېغىدا:

— دۈشمەننىڭ تاتلىق سوزلىرىگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدىكەن، — دەپتۇ.

## كالا بىلەن ئۆشكە

كالا ئەتىگەندىن كەچكىچە ساپان تارتىپ هارغان هالەتتە قايتىپ كەپتۇ. كالىنىڭ ئىگىسى بىر ئوقۇرغا سامان، يەنە بىر ئوقۇرغا قوناق بىلەن ئارپا ئارىلاشتۇرۇلغان بوغۇز سەپ بېرىپتۇ. بۇ ئېغىلدا يەنە بىر ئۆشكىمۇ ياشايدىكەن.

كالا بوغۇزدىن بىر كاپام يەپ تۇرۇشىغا:

— هەي ئاغىنە، — دەپتۇ ئۆشكە ساقال سىلكىپ. — مەن ئورۇقلاپ كېتىۋاتىمەن هەم ئاشقازىنىممۇ ناچار، ئاغىنىلىقنىڭ هورمىتى ئۈچۈن بوغۇزنى ماڭا بېرىپ، سەن سامانني يېسەڭ.

— ماقۇل، — دەپتۇ كالا.

بۇ ئادەت هەر كۈنى تەكرارلىنىدىغان بوپتۇ. ئۆشكە كۆڭلىدە: «كالىنى راسا باپلىدىم» دەپ خوشال بولۇپ يۈرۈپتۇ.

هويلىدىكى توخۇ، ئۆدەك، توشقانلارغا:

— كالىنىڭ بويى ئېگىز بولغىنى بىلەن ئەقلى يوق، كالۋا نەرسىكەن، — دەپتۇ ئۆشكە، — مەن ئۇنى راسا ئەپلىدىم، هەركۈندىكى بوغۇزنى مەن يەپ، كالىغا ساماننىلا بېرىمەن.

— ۋاي تۇۋۋۇدىيەي، — دەپتۇ ۋاقىلداق ئۆكىيان، —

كالا بىر دوت ئىكەنغۇ!

ئاخشىمى كالا ئىشتىن قايتىپتۇ. تۇخۇ، ئۆردەك، توشقانلار ماراپ تۇرۇپ، ھەقىقەتەن ئۆشكىنىڭ بوغۇزنى، كالىنىڭ سامانىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىش ھەممىگە پۇر كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىكىيان كۈندە ۋاقىلداپ، كالىنى مازاق قىلىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى كالا ئىشتىن قايتىۋېتىپ بۇنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

— ھۇ، پىتنەخور شەيتان، سەن قارانىيەتنى ئەمدى چۈشەندىم! — دەپتۇ كالا، — بوغۇزنى مەن يەيمەن!

ئۆشكە لام-جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. كۈندە بوغۇز يەپ ئۆگىنىپ قالغان ئۆشكىنىڭ گېلىدىن — سامان ئۆتمەپتۇ. ئەتىگىنى ئىگىسى قارىغىدەك دېسە، ئۆشكىنىڭ قوسىقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. بۇنى كۆرۈپ:

— ئاپلا! — دەپتۇ ئىگىسى، — ھوي، ئانىسى، ئىش چاتاق، ئۆشكە بىر نېمە يېمەس بولۇپ قاپتۇ. ئوبدانلا سەمرىپ قالغان ئىدى، نەتەتىك! پىچاقنى ئېلىپ چىق! ئورۇقلاپ كەتمىسۇن يەنە، تېزرەك سويۇۋېتەي!

ئۆشكىنى بوغۇزلىغان ھامان مىكىيان ئۆگزىگە چىقىپ:

— ۋاق-ۋاق-ۋاقىق!

ئۆشكە ئۆلدى يېغى جىق! دەپ ۋاقىلداشقا باشلاپتۇ.

# ئانار

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. بىر ياز كۈنى ئۇ ئوۋغا چىقىپتۇ. كۈن ئىسسىق بولغانلىقتىن، ئۇسساپ كېتىۋاتقاندا بىر خاراپ باغ ئۇچراپتۇ. پادىشا ئۇسسۇلۇق تېپىشقا ئالدىراپ باغ ئىگىسىنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشمەيلا:

— ئۆيدە كىم بار؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ.

— مەن، — دەپ بىر بوۋاي چىقىپتۇ.

— ئۇسسۇلۇقنى قاندۇرغىدەك بىر نەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— بار تەقسىر، — دەپ ئىككى تال ئانارنى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ بوۋاي. پادىشا ئانارنى يەپ بولغاندىن كېيىن: «مەن بۇ يۇرتنىڭ پادىشاسى تۇرسام، مۇنداق تاتلىق ئانار مېنىڭ بېغىمدا يوق، بىر گادايىنىڭ بېغىدا بولۇشى ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ؟ توختا، بۇ ئانارنى بېغىمغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتەي!» دېگەن ئويغا كەپتۇ-دە، يەنە ئانار تەلەپ قىپتۇ. باغۋەن ئىلگىرىكى ئانارىدىن يەنە ئىككىنى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ، پادىشا ئانارنى بىرلا چىشلەپ، ۋاي-ۋايلاپ غەزەپ بىلەن:

— نېمىشقا ھېلىقى ئانارىدىن ئېلىپ چىقمىدىڭ؟ — دەپتۇ بوۋايغا.

— يوغسۇ، تەقسىر، بايا ئۆزلىرى يىگەن ئانارنىڭ قايسى ئانارىدىن ئېلىپ چىقتىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بوۋاي.

— ئۇنداق بولسا، ئالدىدا يىگەن ئانارنىمىشقاتاتلىق، بۇ نىمە ئۇچۇن ئاچچىق؟

— مېنىڭدە زادىلا بىر تۈپ ئانار بار، ھەر ئىككىسى قېتىم ئېلىپ كەلگىنىم شۇ ئانارىدىن.

— يالغان ئېيتىمىساڭچۇ؟ — دەپتۇ پادىشا غەزىۋىدىگە چىدىماي.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ بوۋاي، — ئەيىپ بىزدە ئەمەس، پادىشايىمىزدا، پادىشانىڭ نىيىتى بۇزۇلغان.

— سەن نەدىن بىلىسەن؟

— پادىشانىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، ھەرقانىداق تاتلىق نىمە ئاچچىق تۇيۇلىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بوۋاي.

پادىشا بوۋاينىڭ دانىشمەنلىكىگە ھەيران قېلىپ، ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

❀❀❀❀❀◁*▷❀❀❀❀❀

# كۈن ۋە ھەسەن — ھۈسەن

بىر كۈنى يامغۇردىن كېيىن كۈن چىقىپتۇ. شۇ زامان ئاسماندا يەتتە خىل رەڭدە ھەسەن-ھۈسەن پەيدا بولۇپتۇ. ھەسەن-ھۈسەنگە قارىغان ھەربىر كىشىنىڭ ھەۋىسى كەپتۇ. ھەسەن-ھۈسەن ئۆزىچە: «مەن كۈندىنمۇ چىرايلىق» دەپ ماختىنىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ كۈن:

— توغرا، سەن چىرايلىق. ئەمما، مېنىڭسىز سەن بولمايسەن! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەسەن-ھۈسەن مەسخىرىلىك كۈلۈپتۇ. كۈننىڭ غەزىۋى كەپتۇ-دە، بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، مۆكۈۋاپتۇ. ھەسەن-ھۈسەن دەرھاللا ئۆز-ئۆزىدىن يوقاپتۇ.

## توخۇ، سۇسەر ھەم چاشقان

توخۇ، سۇسەر ھەم چاشقان بىللە ياشايدىكەن. كۈن-لەردىن بىر كۈنى توخۇ ئازراق بۇغداي تېپىپ خۇشاللىقىدا:
— بۇغداي تاپتىم، بۇغداي تاپتىم، ئەمدى ئۇنى تارتتۇرۇش كېرەك. خوش، بۇغداينى كىم تۈگمەنگە ئېلىپ بارىدۇ؟ — دەپتۇ.
— مەن ئېلىپ بارمايمەن، — دەپتۇ سۇسەر.
— مەن ئېلىپ بارمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.
توخۇ بۇغداينى ئۆزى تۈگمەنگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تارتتۇرۇپتۇ.
— ئۇننى ئۆيگە كىم ئېلىپ بارىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.
— مەن ئېلىپ بارمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.
— مەن ئېلىپ بارمايمەن، — دەپتۇ سۇسەر.
توخۇ ئۇننى ئۆيگە ئۆزى ئېلىپ كەپتۇ.
— كىم خېمىر يۇغۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.
— مەن يۇغۇرمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.
— مەن يۇغۇرمايمەن، — دەپتۇ سۇسەر.
خېمىرنى توخۇ ئۆزى يۇغۇرۇپتۇ.
— تونۇرغا ئوتنى كىم سالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.

— مەن سالمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.
— مەن سالمايمەن، — دەپتۇ سۇسەر.
توخۇ تونۇرغا ئوتنى ئۆزى ساپتۇ.
— ناننى كىم ياقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.
— مەن ياقمايمەن، — دەپتۇ چاشقان.
— مەن ياقمايمەن، — دەپتۇ سۇسەر.
ناننى توخۇ ئۆزى يېقىپتۇ. ئاندىن قىپ-قىزىل بولۇپ پىشقان توقاچلارنى داستىخانغا قويۇپ:
— بۇ نانلارنى كىم يەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ توخۇ.
— مەن! — دەپتۇ چاشقان.
— مەن! — دەپتۇ سۇسەر ۋە ھەر ئىككىسى يۈگۈرۈپ، داستىخانغا كېلىپ بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن توقاچ يېيىشكە كىرىشىپتۇ.

◁ * ▷

# ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئۈرۈك

ھەسەل ھەرىسى چېچەك شىرنىسى يىغىۋېتىپ، چېچەكنى ماختاپتۇ:

— ئوھوي! چېچەك قىز، سىز نېمە دېگەن چىرايلىق ۋە سېخى! بىزگە شۇنچە كۆپ شىرنە بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت!

چېچەك قىز خۇشاللىقتىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئەسلىدە رەھمەتنى ماڭا ئېيتىشىڭىز كېرەك ئىدى! — دەپتۇ يوپۇرماق، — چۈنكى مەن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ئىشلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىۋاتقاچقا، چېچەك شۇنداق چىرايلىق ئېچىلغان!

— ياقەي! — دەپتۇ دەرەخنىڭ غولى، — رەھمەت ماڭا تەئەللۇق، چۈنكى مەن ھەر كۈنى نۇرغۇنلىغان ئوزۇقلۇق ماددىلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەچكە چېچەك شۇنداق چىرايلىق ئېچىلغان!

— نائىنساپ! — دەپ ۋاقىراپتۇ يىلتىز، — ئەسلىدە رەھمەتنى مەن ئېلىشىم كېرەك. لېكىن، چېچەك، يوپۇرماق ۋە غول ھەممىڭلار ئۆزەڭلارنى ماختاشتىن باشقىنى بىلمىدىڭلار.

ئارىدىن بىر ئاز جىمجىتلىق قاپلاپتۇ. ھەسەل ھەرىسى ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.

— مەن ھەر كۈنى، — دەپتۇ يىلتىز، — نۇرغۇنلىغان سۇ تەركىۋى ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تۇپراقتىن ئۆزەمگە سۈمۈرۈپ، ئاندىن بۇ نەرسىلەرنى شاخ ۋە يوپۇرماقلارغا

ماڭغۇزۇپ بېرىمەن. لېكىن، شۇنداقتىمۇ توھپىنىڭ ھەممە-سىنى ئۆزەمنىڭ قىلىۋالمايمەن. چېچەكنىڭ ئېچىلىشى، مېۋىنىڭ تاتلىق پىشىشىدا ھەممىمىزنىڭ ھەسسىمىز بار.

— بەلى-بەلى! ئەمدى چۈشەندىم، بىر تۆپ دەرەخ-نىڭ ھەممە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە خاس توھپىسى بارىكەن ئەمەسمۇ! — دەپ خوشاللىقىدىن ئۇسۇل ئويناپ، چېچەك شېرنىسى يىغىشقا كىرىشىپتۇ ھەسەل ھەرىسى.

# كەرپە بىلەن توشقان

بىر كۈنى توشقان كەرپىنىڭ يېنىغا كېلىپ:
— سېنىڭ جۇۋاڭ قانداق يامان، ساپلا تىكەن، مېنىڭ بولسا يۇمشاق ماۋۇقتەك، — دەپ ماختىنىپتۇ. كەرپە:
—يامان بولسىمۇ، مېنىڭ جۇۋام ئەت بىلەن بورىدىن ساقلايدۇ، سېنىڭ ياخشى جۇۋاڭ سېنى شۇنداق ساقلىيالامدۇ؟ — دەپ سوراپ تۇرۇشىغا، بىر بورە جاڭگالدىن چىقىپ كەپتۇ. توشقان قورققىنىدىن ئوقتەك چېپىپ، چاتقاللار ئارىسىغا كىرىپ كوزدىن غايىپ بوپتۇ. شۇندىن كېيىن توشقان:
— ھە! مېنى ساقلايدىغان جۇۋام ئەمەس، پۇتۇم ئىكەن-دە! — دەپ خاتاسىنى چۈشىنىپتۇ.

# تۈلكە بىلەن چۈجە

بىر چۈجە كېسەل بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تۈلكە كىرزەينەك تاقاپ، ئۇچىسىغا خالات كىيىپ دوختۇر قىياپىتىگە كىرىپ، توخۇ كاتىكىگە بېرىپ ئىشىك قېقىپتۇ-دە، ئېچىنغان ئاۋاز بىلەن:

— ئاڭلىشىمچە، بىر چۈجە كېسەل بولۇپ قاپتۇ، مەن كېسەلنى داۋالىغىلى كەلدىم. مېنى كىرگۈزۈڭلار! —دەپتۇ. بىر چۈجە ئىشىك ئاچماقچى بولغاندا، باشقا نۇرغۇن چۈجىلەر دەرھال ئۇنى توساپ:

— توختاپتۇر، بىز ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىپ ئاندىن ئىشىك ئاچايلى، — دەپتۇ.

ئۇلار ئىشىك يوچۇغىدىن قاراپ ئۇچلۇق تۇمشۇق، ئۇزۇن قۇيرۇق بىر مەخلۇقنى كورۈپتۇ-دە، «ھوي! بۇ تۈلكە ئەمەسمۇ؟» دېيىشىپ دەرھال ئۇنىڭغا:

— رەھمەت، بىز ھەممىمىز ئىنتايىن ياخشى تۇردۇق. بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز، ئىشىك ئېچىپ سېنى كىرگۈزگەندىن كېيىنكى بولىدىغان ئەھۋالدىن كوپ ياخشى! — دەپ جاۋاپ بېرىشىپتۇ.

# هورۇن ئېشەك

بىر كىشى ئىككى ئېشەككە يۈك ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىرراق، يەنە بىرسىنىڭ يېنىكرەك ئىكەن. ئېشەكنىڭ بىرسى يەنە بىرسىدىن ياردەم سوراپ:

— ئاكا، بولالمىدىم، بىر ئاز ياردەم قىلساڭچۇ، — دەپتۇ.

— نېمە كاردىم، — دەپتۇ يەنە بىر ئېشەك، — مەن كېتەۋېرىمەن.

شۇنداق قىلىپ، يۈكى ئېغىر ئېشەك ھېرىپ ھالى قالماي، ئاخىرى ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئېشەكنىڭ ئىگىسى يۈكنىڭ ھەممىسىنى بىرلا ئېشەككە ئارتىپتۇ.

«ھورۇن ئېشەكنىڭ يۈكى ئېغىر» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

# تۈلكە بىلەن غاز

تۈلكە ئاشخانا ئېچىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئوقەتسى كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. تۈلكە خېرىدار كوپەيتىش ئۈچۈن بىر ھىلە ئويلاپ چىقىرىپتۇ-دە، ئاشخانىنىڭ ئىشىكىيېشىغا: «ئەتە تاماق يىگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ» دەپ ئېلان چاپلاپ قويۇپتۇ. كەچقۇرۇن كوچىدا كېتىۋاتقان غاز-نىڭ كوزى ئاشخانا ئالدىغا ئېسىلغان «ئەتە تاماق يىگۈ-چىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ» دىگەن خەت يېزىلغان يوغان ۋىۋىسكىغا چۈشۈپتۇ ۋە كوڭلىگە دەرھال «ئەتە كېلىپ قوساقنى راسا بىر تويغۇزۇۋالاي» دىگەننى پۈكۈپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. غاز ئاشخانىغا كىرىپ تاماقبۇيرۇپتۇ.

خوجايىن تۈلكىۋاي جۈلدۈر كىيىملىك غازنىڭ باش-ئايىغىغا قاراپتۇ ۋە:

— تاماققا ھەق تولىگىدەك بىرنىمىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نىمە؟ بۈگۈن تاماق يىگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدىغان كۈنغۇ؟ — دەپتۇ غاز.

— نەدىكىنى، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قاراپ بېقىڭ. — دەپتۇ تۈلكە.

غاز ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ۋىۋىسكىدىكى «ئەتە تاماق يىگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنمايدۇ» دەپ يېزىلغان

خەتنى كورۇپتۇ. تۈلكە قۇۋلۇق بىلەن:

— بۈگۈن ئەمەس، ئەتە! — دەپتۇ.

غاز ئۆزىنىڭ "ئالدانغانلىقىنى چۈشىنىپ:

— ئەمدى ئۇقتۇم، بۇ" مەڭگۈ كەلمەس ئەتە ئىكەن-
غۇ! — دەپتۇ.

# پادىشا بىلەن چۈمۈلە

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتۈپتىكەن. بۇ پادىشا ئۆزىنى «دۇنيادا مېنىڭدەك ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە سۆزمەن ئادەم يوق» دەپ ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر قىسىم لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ. قۇرۇت-قوڭغۇز، چۈمۈلىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ: «ئۇن كۈنگىچە سىرتقا چىقمىسۇن. ئەگەر [illegible] ئاتلىرىمنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ [illegible]» دەپ خەۋەر قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى چۈمۈلىلەر [illegible] نى بىر كۈن مېھمان قىلىپ، ئاندىن يولغا [illegible] بولۇشۇپتۇ.

[illegible] چۈمۈلىلەرنىڭ يول توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— [illegible] گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— [illegible] ئالەم، جاناپلىرىنى ھوزۇرىمىزدا بىر [illegible] مېھمان بولۇپ كېتەمدىكىن دەپ ئالدىلىرىغا [illegible] — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ چۈمۈلە پادىشاسى.

— [illegible]، ئەخمەق، بىزغۇ قونارمىز، شۇنچە ئادەم بىلەن [illegible] يەمەك-ئىچمەكنى ئويلاپ بېقىشمىدىڭمۇ؟ — [illegible] قىلىپ كۈلۈپتۇ پادىشا.

— بىلىدۇق، ئويلىدۇق. ئەمگىكىمىز بىلەن باياشات [illegible] لايىمىز پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ چۈمۈلە.

بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان پادىشا ھەيسىقىڭلارنى خۇدا يەم بېرىدۇ، دېگەن بولساڭ، مېنى يەڭگەن بولاتتىڭ. شۇنچە ئادەم ۋە ئۇلاقلارنىڭ يەمەك- ئىچمىگىگە ئەمگىگىڭ بىلەن جاۋاپقىلالىغىنىڭنى كورەرمىز، دەپ بىر كۈن مېھمان بولۇپ كېتىشكە ماقۇل بولۇپتۇ.

چۈمۈلە پادىشاسى ھەربىر چۈمۈلىنىڭ بۇگۈنكى مېھمانلارغا ئاتاپ بىر تالدىن داننىڭ ئۈۋدىغى، بىر تالدىن سۇ، بىر تالدىن ياۋا يىدە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. چۈمۈلىلەر قاپشۇرۇقنى بىردەمدە ئورۇنلاپ بوپتۇ. نان، يىدە، سۇلۇ- لارنى يەپ، دوۋە-دوۋە قىلىۋېتىپتۇ. بۇ يىغىلغان نەرسە- لەرنى لەشكەر ۋە ئات-ئۇلاقلار بىركۈن يەپ ئاران يېرىدە- لاشتۇرۇپتۇ. پادىشا بۇنى كورۇپ ھەيران قاپتۇ. ئوزىنىڭ يېڭىلگەنلىگىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سوئال قويۇپ يەڭمەك- چى بوپتۇ. ئۇ چۈمۈلە پادىشاسىنى چاقىرىپ:

— ھەي چۈمۈلە، سېنىڭ بېشىڭ نىمانچە يوغان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېشىمدا ئەقلىم تولا. — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ چۈمۈلە.

— بېلىڭ نىمانچە ئىنچىكە؟

— چوڭ ئىشلارغا بېلىمنى مەھكەم باغلىغانمەن.

— ئۇنداق بولسا، قۇيرۇق تەرىپىڭ نىمانچە يوغان؟

— كۈچ-قۇۋۋىتىم جىق.

پادىشا بۇ جاۋاپلارغا قايىل بولۇپ، يەنە باشقا سوئال تېپىپ بېرەلمەپتۇ-دە، شۇ خىجالەتچىلىكتە شىكارغىمۇ چىق- ماي ئوز شەھرىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

# بىغەم كىشى

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر كىشى دائىم: «باشقىـ لارنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن» دەيدىكەن. شۇڭا باشقىلار ئۇنىڭغا «بىغەم» دەپ لەقەم قويۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ بازاردىن بىر خالتا گۈرۈچ ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. يول ئۈستىدە ئۇنىڭ خالتىسى تېشىلىپ ...رۈچ توكۇلۇشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدە كېلىـ ... ىنىسى ئۇنىڭدىن:

— ...شقىلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بولۇش كېرەكمۇ — ...ەپ سوراپتۇ.

— باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — ...اۋاپ بېرىپتۇ بىغەم.

... هازا يول يۈرگەندىن كېيىن، خالتىدىكى گۈ— ... يېرىمى يەرگە توكۇلۇپ بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ...:

— كۆڭۈل بولسەڭ ئىگىسىگە پايدا بولىدۇ. بۇنداق ... كۆڭۈل بولۇش كېرەكمۇ - يوق؟ — دەپ يەنە ...

— ...وزەڭگە پايدىلىق بولمىغان ئىشقا كۆڭۈل بو— ... قىلىمسەن؟ — دەپتۇ بىغەم.

ئۆيگە ئاز قالغاندا خالتىدىكى گۈرۈچنىڭ تەگىدىن تولىسى توكۇلۇپ بوپتۇ. بۇنى بىلىپ ئەرۋايى ئۇچقان بىغەم، خوشنىسىنى ئەيىپلەپ:

— گۈرۈچنىڭ توكۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئۈچۈن ماڭا ئېيتىپ قويمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

خوشنىسى ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ:

— ئۆزەمگە پايدىسى بولمىغان ئىشنى ساڭا ئېيتىپ نېمە قىلاتتىم، — دەپتۇ.

# قىزغانچۇق خوشنىلار

ئۆتكەن زاماندا ئىككى قىزغانچۇق خوشنا بولغان ئىكەن. بىر كۈنى بىرسى بالىسىنى ئەۋەتىپ خوشنىسىدىن بولقا سورىتىپتۇ. خوشنىسى بالىدىن:

— تومۇر مىق قاقامسىلەر ياكى ياغاچ مىقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تومۇر مىق، — دەپتۇ بالا.

— ھىم، تومۇر مىق دەڭ، — دەپ غۇدۇراپ، پىشانىسىنى سىلاپ، يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپتۇ، — دادىڭىزغا ئېيتىڭ، جىنىم بىلەن بېرىپ تۇراتتىم، بىراق، بولقىنى ئاكام ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

بالا قايتىپ كېلىپ، ھەممە گەپنى دادىسىغا ئېيتقان ئىكەن، ئۇ:

— شۇنداق قىزغانچۇق ئادەملەرمۇ بار-ھە؟! بولقا ئېگىلىپ كېتىدۇ، دەپ بەرمەپتۇ-دە، ئەبلەخ! مەيلى، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ بولقىسىنى ئىشلەتمەي باشقا ئىلاج يوق. ئۆزىمىزنىڭكىنى ئاسراپ، ئۇلارنىڭ بولقىسىنى ئىشلىتەي دېۋىدىم، بولماي قالدى، — دەپتۇ غەزەپلىنىپ.

# پادىشانىڭ ساز تاللىشى

بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ نەغمە-ناۋا ئاڭلىماقچى بوپتۇ. زىياپەت باشلىنىپ، سازەندىلەر ئەمدىلا سازلىرىنى تەڭشەشكە كىرىشكەندە پادىشا «چېلىڭلار، چېلىڭلار!» دەۋېرىپتۇ. سازەندىلەر:

— پادىشاھى ئالەم، ساز دېگەن نازۇك نەرسە، قائىدە بويىچە سازلاپ چالىلى، — دېسە، پادىشانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، جاللاتلىرىغا:

— كېپىمگە كىرمىگەن سازەندىلەرنىڭ ھەممىسىنى دارغا ئېسىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئارقىدىنلا ۋەزىرلەرگە يەنە سازەندە چاقىرتىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

— تەقسىر، ئەمدى شەھەردە سازەندە قالمىدى، — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر.

— تاپالمىساڭلار كاللاڭلار ئېلىنىدۇ! — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ پادىشا.

ۋەزىر، ئاتارمەن-چاپارمەنلەر «شەھەري ئەزىم بولاغاندىن كېيىن ئىزلەپ كورەيلى» دېيىشىپ ئاردىلاپ يۈرگەندە، بىر ئۆيدىن «جىغ-جىغ، ۋىق-ۋىق» قىلغان ئاۋاز چىقىپتۇ. كىرىپ قارىسا بىر كىگىزچى يۇڭ ئېتىۋاتقان ئىكەن.

— ھەي، — دەپتۇ چاپارمەنلەر، — مۇنۇ سازىڭنى دەرھال ئېلىپ بېرىپ ئوردىدا چېلىپ بەرگىن.

— تەقسىر، بۇ ساز ئەمەس.

— بىلمەيمىز، شۇنى ئوردىدا چالىسەن، مۇشۇ يەردە قانداق چالغان بولساڭ شۇنداق چالغىن.

بىچارە كىگىزچى قورقىنىدىن ئارتۇق گەپ قىلالماپتۇ. ئوردىغا بارسا، دەرۋەقە پادىشا ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. كىگىزچى دەرھال ھېلىقى يۇڭ ئاتىدىغان نەرسىسىنى بىر بۇلۇڭغا ئورنىتىپ ھە دەپ «چېپىلىش»قا باشلاپتۇ.

قۇلىقىنى تولغايمەن، تارىنى تەڭشەيمەن دەپ كىشىنىڭ ۋاقتىنى ئالمايدىغان بۇ «كارامەت ساز»غا ھەيران بولغان پادىشا، خوشاللىقىدا تىزلىرىغا ئۇرۇپ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە:

— بارىكاللا، ياخشى ساز، كامالەتكە يەتكەن سازەندە مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، بۇ كىشىگە «ئوردا سازەندىسى» دەپ نام بېرىڭلار، — دەپتۇ.

# باي بىلەن دىخان

بۇرۇنقى زاماندا بىر چوڭ باي بار ئىكەن. ئۇ دائىم خۇدادىن «ئاسان دۇنيا بەرسەڭ ئالىمەن، جاپا چېكىشتىن ئۆزەڭ ساقلا» دەپ تىلەيدىكەن ۋە ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆز كۆڭلىنى كۆتىرىش ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاشقا كېتىۋېتىپ، چۆلدە يەر ھەيدەۋاتقان بىر قاۋۇل دىخانغا يولۇقۇپتۇ. باي ئۇنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇپ، ئىچىدە بىر شۇملۇقنى ئويلاشقا كىرىشىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا قوشنىڭ چىشى بىر نەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلۇپتۇ. دىخان شۇنداق قارىسا قوشنىڭ ئىزىدىن يوغان بىر كوزا كۆرۈنۈپتۇ. ئېچىپ قارىسا لىپمۇ-لىق ئالتۇن ئىكەن. بۇنى كۆرگەن باي كۆڭلىدە «تىلىگىم ئىجاۋەت بولدى» دەپ خۇشاللىقتىن ئىچىگە سىغماي قاپتۇ ۋە ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرغان دىخانغا:

— ھەي، بۇ مېنىڭ ئاتا-ئانامدىن مىراس قالغان يەر، ساڭا بۇ يەرنى ھەيدەشكە كىم رۇخسەت بەردى؟ سەن ئوغرى بۇ يەرنى ھەيدەپ كۆمۈپ قويغان ئالتۇنۇمنى ئوغرىلىماقچىمىدىڭ؟ — دەپ دىخانغا ئېسىلىۋاپتۇ. دىخان:

— ئۆزەڭنى خار قىلغىچە كۆچۈڭنى خار قىل دەپ-

تىكەن، ھەرنىمە قاپسام ئۈز كۈچۈم بىلەن تاپاي، — دەپ كوزىنى ئالتۇن بىلەن باينىڭ خۇرجۇنىغا سېلىپ بېرىپتۇ.

خوشاللىقتىن باينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، دەر— ھال ئۆيىگە قايتىپتۇ — دە، ئىچكىرى قازناققا كىرىپ، ئى— شىك — تۈڭلۈكنى مەھكەم ئېتىپتۇ ۋە خۇرجۇنىنىڭ ئىزمى— سىنى شۇنداق يېشىشىگە ئۈنىڭ ئىچىدىكى كوزىدىن ھە— قىلداپ ھەردىلەر ئۇچۇپ چىقىپ، باينىڭ باش — كوزىنى چېقىپ، قاپاقتەك ئىششىتىۋېتىپتۇ. باي مىڭ تەسلىكتە ئۆي— دىن قېچىپ چىقىپتۇ — دە، ئادەملىرىگە كوزىنى كوتەرگۈ— زۈپ دىخاندىن ئوچ ئالماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ دىخاننىڭ ئويىگە كېلىپ، ئوگزىگە چىقىپ «مېنى چاق— قان. ھەرە سېنىمۇ چېقىپ باقسۇن» دەپ، تۈڭلۈكتىن توكۈپتۇ.

دىخان ئويدە ئىكەن، قارىسا تۈڭلۈكتىن ئالتۇن — كۈ— مۈشلەر جاراڭلاپ چۈشۈپ ئويىنى لىق تولغۇزۇۋېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن دىخان ناھايىتى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. ھا— رام تاماق باي بولسا، ھەرە چاققان بەدىنىنىڭ ئاغرى— شىدىن ساقىيالماي ئولۇپتۇ.

# ئاچكوز

زامان زورىنىڭ، تاماشا كورىنىڭ بولغان چاغلارىنىڭ بىرىدە، بىر مالنى ئىككى، بىر پۇلنى ئۈچ قىلغىچە جىبىنى سىقىراپ، كوزدىن ياش ئېقىپ تۇرىدىغان سوپى دىگەن بىر باي بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ قېپىنانىسىنىڭ گوھەر تۇغىدىغان توخۇسى بار ئىكەن. تەلىيىگە قېپىنانىسى ئولۇپ كېتىپ، گوھەر تۇغىدىغان توخۇسى ئۇنىڭ بىردىن-بىر قىزىغا — سوپىنىڭ ئايالىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ. ئۇ مىكىيان ئادىتى بويىچە كۇندە بىردىن گوھەر تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىكەن. باي بۇ گوھەرنى سېتىپ، دۇكان ئېچىپتۇ ۋە كۇندىن-كۇنگە سودىسى ياخشى بولۇپ، دۇكىنى تۇرلۇك ماللار بىلەن تولۇپتۇ-دە، بارا-بارا بايلار ئىچىدە ئابرويى كوتىرىلىپتۇ.

بىراق باي توخۇنىڭ كۇندە تۇغىدىغان بىر تۇخۇمىغا قانائەتلەنمەي، توخۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق گوھەرنى بىراقلا ئېلىپ، بىردىنلا پۈتۈن دۇنيادىكى ئەمەل غەزنىلىرى بار بايلار قاتارىغا ئوتۇشنى ئويلاپتۇ-دە، ئايىلىدىن ئوغرىلىقچە توخۇنى سويۇپتۇ، لېكىن، مىكىياننىڭ ئىچىدىن باي كۈتكەن گوھەرلەرنىڭ بىرىمۇ چىقماپتۇ.

## ئىككى گىجىڭ

ئۆتكەن زاماندا بىرى ساقى، يەنە بىرى باقى دەپ ئاتىلىدىغان ئاكا-ئۇكا ئۆتكەن بولۇپ، بۇلار بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان گىجىڭلاردىن ئىكەن. ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىنىڭ كېپىنى يورغىلىتىپ گىجىڭلىق قىلىپ تۇرىدىكەن-دە، ئۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماي زىيان تارتىپ ئولتۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئىككىسى يىراق بىر شەھەرگە سەپەرگە چىقىپتۇ. قونىدىغان يەردە سېلىپ يېتىش ئۈچۈن ساقى بىر تەڭلىمات كىگىزنى، باقى بولسا بىر بورىنى ئۆزى بىللە ئېلىۋاپتۇ. ئۇلار يول داۋامىدا پېتىشماي بىر-بىرىنىڭ گەپلىرىنى رەت قىلىشىپ، ئۈن قەدەمدە بىر ھورپىيىشىپ، ناھايىتى كوڭۈلسىزلىك بىلەن كۈننى كەچ قىلىپ بىر قونالغۇغا يېتىپ كەپتۇ.

ساقى ئورۇن تەييارلاش ئۈچۈن تۇتۇنۇپ، كىگىزنىڭ ئۈستىگە بورىنى ساپتۇ-دە، باقىغا:

— كەل ئۇخلايلى! — دەپتۇ.

— بۇنداق سالساڭ بورىنىڭ قاتتىقلىقىدا قانداقمۇ ئۇخلىغىلى بولسۇن! بورىنىڭ ئۈستىگە كىگىزنى سال، — دەپتۇ باقى ساقى سالغان ئورۇنغا قاراپ.

— بۆرىنىڭ ئۈستىگە كىگىزنى سالغاندا، — دەپتۇ ساقى گىجىڭلىق قىلىپ، — كىگىزنىڭ تىكەندەك يۇڭى سانچىلىپ جاننى قىينىمامدۇ؟ مېنىڭ مۇشۇ سېلىشىم توغرا.

— توغرا بولسا ئۆزەڭ يات، مەن ياتمايمەن، — دەپتۇ باقى ۋە قېيداشلىق بىلەن ئورۇننىڭ يېنىدىكى داق يەردە خۇيلىنىپ يېتىۋاپتۇ. بۇنى كورگەن ساقى ئۆكسىنى گەپكە ئۈنىتالمىغانلىقتىن جىملى بولۇپ:

— سەن ياتمىساڭ، مەنمۇ ياتمايمەنغۇ! — دەپ ئۆزىمۇ يەردە يېتىپتۇ.

(يۇقۇرقى مەسەللەرنى مەھەممەت سىدىق تومۇرى، هاجى ئەخمەت توپلاپ رەتلىگەن)

# پىل بىلەن خوراز

كۈنلەردىن بىر كۈنى ناھايىتى يوغان بىر خوراز پىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەپتارتماستىن ئۇيەر-بۇيەرنى چوقۇپ دان تېرىپ يەپتۇ-دە:

— قى... قى... قىق!! — دەپ قاتتىق قىچقىرىپ قويۇپتۇ.

— نىمانچە ھاكاۋۇر نىمىسەن، ھالىڭغا قارىماي نىمانچە ۋاقىرايسەن؟ كىچىككىنە جېنىڭ بار ئىكەنۇ، ھەممە يەرنى ئاق قويماي چوقۇپ دانلاۋېرىسەنغۇ!؟ تاماقنى سەن كوپ يەمسەن-مەنمۇ؟ — دەپتۇ پىل غەزەپلىنىپ.

— سېنىڭ بويۇڭ چوڭ بولغان بىلەن مەنچىلىك تاماق يېيەلمەيسەن، — دەپتۇ خوراز دادىللىق بىلەن، — سەندىن مەن خېلىلا كوپ تاماق يەيمەن!

ئۇلار، «قېنى كىم كوپ غىزا يەيدىكىن؟» دەپ بەسلىشىپتۇ.

پىل ناھايىتى كوپ تاماق يەپتۇ. كېيىن تويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئويغىنىپ قارىسا، خوراز يەنىلا دانلاپ يۈرگەنىمىش. پىل يەنە تاماق يېيىشكە باشلاپتۇ. تاماقنى بولۇشىچە يەپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بىر ۋاقىتتا يەنە ئويغىنىپ قارىسا، كەچ بولۇپ

قاپتۇ. ئەمما خوراز تېخىچىلا دان يەپ يۈرگەنمىش ۋە دان تېرىپ يەۋېتىپ پات-پات:

— قى... قى... قىق!... — دەپ قىچقىرىپ قويغىدەكمىش.

— مۇنۇ پىلىندەك يەپ تويماس ئىكەن-غۇ! — دەپتۇ پىل ھەيران بولۇپ. — بۇنداق تويماس جانىۋارنى زادىلا كۆرمىگەن ئىكەنمەن.

شۇنداق قىلىپ، خوراز پىلنى يېڭىۋاپتۇ ۋە پىلنىڭ ئۈستىگە مىنىپ بىر تاماشا قىلايچۇ، دەپ ئويلاپ پۈرر-دە ئۇچۇپ، پىلنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ-دە:

— ... قى... قى... ق... ى... ق!!! — دەپ تېخىمۇ قاتتىق قىچقىرىپتۇ. قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان پىل قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ:

— ۋايجان! مەن ئۆلىدىغان بولدۇم، مېنى يەپ قويىدىغان بولدى! — دەپ ۋاقىراپتۇ-دە، قېچىپ ئورمانغا كىرىپ كېتىپتۇ.

خوراز بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، قاناتلىرىنى قېقىپ:

— قى... قى... قىق! — مەن چوڭمىكەنمەن-سەنمۇ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ.

# تۆلكە بىلەن بودۇنە

كۆنلەرنىڭ بىرىدە تۆلكە بىر بودۇنىنى تۇتۇۋاپتۇ ـ
دە، ئۇنىڭغا:

— بودۇنىجان، مېنى راسا بىر كولدۇرسەڭ، ئۇ چاغ ـ
دا سېنى يېمەيتتىم، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مېنى قويۇۋەتكىن تۆلكە ھەدە، —
دەپتۇ بىچارە بودۇنە بۇ سوزدىن خوشال بولۇپ، — سې ـ
نىڭ تىلىگىنى ئورۇنلايمەن.

تۆلكە ئاغزىدىكى بودۇنىنى قويۇۋېتىپتۇ. تۆلكىنىڭ
ئاغزىدىن قۇتۇلغان بودۇنە تۆلكىنى بىر يېزىغا باشلاپ
كەپتۇ. بۇ يەردە بىر ئويىنىڭ ئالدىدا بىر موماي كالا
سېغىۋاتقان، ئۇنىڭ سەل نېرىسىدا بىر بوۋاي توقماق
ياساۋاتقان ئىكەن.

بودۇنە ئۇچۇپ كېلىپ مومايىنىڭ بېشىغا قونۇۋاپتۇ.
بۇنى كورگەن بوۋاي:

— توختا، ئانىسى، سەن بىردەم قىمىرلىماي تۇر ـ
غىن. مەن بېشىڭدىكى بودۇنىنى بىر ئۇرۇپلا جايلىۋېتەي. —
دەپتۇ.

بوۋاي توقماق بىلەن، مومايىنىڭ بېشىغا بىر ئۇر ـ
غان ئىكەن، بودۇنە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، موماي بولسا تىك
ھوللاق چۈشۈپلا ئولۇپ قاپتۇ. سۈت چېلىكى ئورۇلۇپ،

سوت توكۇلۇپ كېتىپتۇ.

تۇلكە كوزلىرىدىن ياش چىققىچە كۈلۈپ، تېلىقىپ قاپتۇ. ئۇ، كۈلكىدىن ئوزىنى ئارانلا تۇختىتىۋېلىپ، ئەمدى بىر قورقىتىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

— خوپ، ياخشى بولىدۇ، — دەپتۇ بودۇنە، — كوزۇڭنى يۇمغىن - دە، مېنىڭ كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭ. قاچان مەن «ۋىتىۋىلداق» دەپ ۋاقىرىغان چاغدا كوزۇڭنى ئاچقىن.

— ماقۇل، — دەپتۇ تۇلكە ۋە كوزىنى يۇمۇپ بىر - دۇنىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

بودۇنە تۇلكىنى ئەگەشتۇرۇپ كېتىپ بارغاندا، قول - لىرىغا بۇركۇتلىرىنى قوندۇرۇپ، تايغانلىرىنى ئەگەشتۇ - رۇپ، بىر توپ ئوۋچىلار چىقىپ قاپتۇ. ئوۋچىلارنى كور - گەن بودۇنە، ئۇلار يېقىن كەلگەندىلا:

— ۋىتىۋىلداق! ۋىتىۋىلداق! — دەپ سايرىۋېتىپتۇ.

تۇلكە كوزىنى ئېچىپلا بۇركۇت. تايغاننى كورۇپ. كەينىگە قاراپ بەدەر قېچىپتۇ... بۇركۇت ۋە تايغان ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. تۇلكىنىڭ بەختىگە يارىشا، تاغ باغرىدا بىر كاما ئۇچراپ قاپتۇ ۋە بىر دە - رەخنىڭ تۇۋىدىن بىر توشقان چىقىپ قېچىپتۇ. تۇلكە كا - ماغا كىرىۋاپتۇ. بۇركۇت ۋە تايغان توشقاننى قوغلاپ كېتىپتۇ.

تۇلكە بىر ئاز دېمىنى ئالغاندىن كېيىن، كامادىن چىقىپ قاراپتۇ. شۇ چاغدا بودۇنە ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ:

— تۈلكە ھەدە، خىزمىتىمدىن رازى بولدۇڭمۇ؟ —دەپ سوراپتۇ.

— ئايلىنىپ كېتەي بودۇنەجان! شۇنچىلىك قورقۇپ كېتىپتىمەنكى، ھەتتا قۇلاقلىرىم پۈتۈپ كېتىپتۇ، كېلىپ مېنىڭ قۇلىقىمغا قونۇپ، قاتتىقراق گەپ قىلساڭچۇ، — دەپتۇ.

بودۇنە كېلىپ ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا قونۇپتۇ. تۈلكە «كاپ» قىلىپ ئۇنى چىشلىۋاپتۇ. بودۇنە ئەجەللى يەتكەنلىكىنى بىلىپ:

— جېنىم تۈلكە ھەدە! بىر مىنۇت توختاپ تۇر. مېنىڭ ئاخىرقى بىر ئىلتىماسىمنى بەجا قىل. ھايۋانلارنىڭ ئىلگىركىسى نېمە دەپ ئاتىلاتتى، شۇنى ئېيتىپ بەرسەڭ، — دەپ سوراپتۇ.

تۈلكە:

— مانگىت! — دەپ ئاغزىنى ئېچىپتۇ.

شۇ چاغدا بودۇنە ئۇنىڭ ئاغزىدىن بوشاپ ئۇچۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ تۈلكە ئۇنىڭ قۇيرۇغىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىشقا ئۈلگۈرۈپتۇ.

بودۇنىنىڭ قۇيرۇقى شۇنىڭدىن بۇيان كالتە بولۇپ قالغان ئىكەن.

# مۈشۈك پادىشا

بىر ئوغرى مۈشۈك جاڭگالدا ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئورمانغا كىرىپ كېتىپ بارسا يولدا بىر قوۋۇ تۈلكە ئۇچراپ قاپتۇ. مۈشۈك ئۆمۈرىدە تۈلكىنى كۆرمەپتىكەن. شۇڭا ئۇ: «بۇ قانداق جانىۋار ئىكەنە! يەنە مېنى يەپ قويمىسۇن!» دەپ ئويلاپتۇ-دە، تۈكلىرىنى ھۆرپەيتىپ تۇرۇۋېپتۇ.

مۈشۈكنى كۆرگەن تۈلكىمۇ: «بۇ كىم بولدى ئەمدى؟ ئۆمرۈمدە بۇنداق ئاچچىغى يامان ھايۋاننى كۆرمىگەن ئىدىم. ئۆزى كۈچلۈك كۆرۈندۇ، كۆزلىرىنىڭ يېنىشىنى قاراڭا، بۇنىڭ!» دەپ ئويلاپتۇ-دە، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— يول بولسۇن، ئاغىنە! — دەپتۇ.

— تىماقلىرىم ئۆتكۈر، چىشلىرىم ئىتتىك. مۈشۈك باتۇرمەن. ئورمانلىققا كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۈشۈك.

— نېمىشقا، — دەپ سوراپتۇ تۈلكە.

— گوش يەيمەن، قورسىقىم ئاچ، مىياۋ ... مىياۋ... مىياۋ ...، — دەپتۇ مۈشۈك.

تۈلكىنىڭ جان-پېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئۇ قورققانلىقىنى بىلدۈرمەي:

— يۇرۇك مەن بىلەن،— دەپتۇ تۈلكە قول باغلاپ تۇروپ، — بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەيمىز.

ئۇلار بىللە كېتىشىپتۇ ...

يولدا بىر بورە ئۇچراپ قاپتۇ. مۈشۈك يەنە ھۈرپىيىپتۇ. ئۇنىڭ كوزلىرى ئوت بولۇپ يېنىپتۇ. بورە ئۇنىڭدىن قورقۇپ: «بۇ قانداق ھايۋاندۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ ۋە تۈلكىدىن ئاستا سوراپتۇ. تۈلكە:

— بۇ، يېڭى پادىشا، جىم بول، بولمىسا تېرى - پېرەڭ قىلىۋېتىدۇ،— دەپتۇ.

— راستمۇ؟ — دەپتۇ بورە قورقۇپ ۋە ئۇلار بىلەن ئۇن چىقارماي كېتىۋېرىپتۇ. يولدا يەنە بىر ئېيىق ئۇچراپ قاپتۇ.

— يول بولسۇن، — دەپتۇ ئېيىق ۋە بىردىنلا مۈشۈكنى كوروپ قېلىپ سوراپتۇ،— بۇ كىم؟

مۈشۈك تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ، بەللىرىنى مۈكچەيتىپ، كوزلىرىنى چەكچەيتىپ جىم تۇرۇۋاپتۇ.

تۈلكە ئېيىقنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلاپ:

— ھۇشيار بولسىلا ئېيىق جانابلىرى، مۈشۈك پالۋان دىگەن مۇشۇ. بۇ يۇرتقا يېڭىدىن پادىشا بولۇپ كەلدى. يەنە تېرى - پېرەڭ قىلىۋەتمىسۇن، — دەپتۇ.

تۈلكىنىڭ بۇ سوزىنى ئاڭلىغان ئېيىق:

— شۇنداقمۇ تېخى ... — دەپتۇ ۋە ئوزىنى سەل يوقىلىك كورسىتىپ،— ئۇنداق بولسا ئۇنى سىناپ كورەمىز.

ئېيىقنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان مۈشۈك:

— مىياۋ ... تىماقلىرىم ئوتكۈر، مىياۋ ... چىشلىرىم ئىتتىك، مىياۋ ... گوش يەيمەن. گوش، مىياۋ ... مىياۋ .... — دەپ ۋاقىراپتۇ.

مۈشۈك يول بويى: «بۇ بالا - قازالاردىن قاندداق قۇتۇلارمەن ئەمدى؟» دەپ مىياۋلاپ مېڭىپتۇ. ئۇ، يولدا بىردىنلا بىر بۇدۇنىنىڭ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ قېلىپ، ئوقتەك ئېتىلىپ ھاپىلا - شاپىلا تۇتۇۋېلىپ يەۋېتىپتۇ. بۇنى كورۇپ يولداشلىرى تېخىمۇ ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ. تۈلكىنىڭ ئويىگە كەلگەندىن كېيىن، ئېيىق، بورە، تۈلكە مەسلىھەتلىشىپ:

— ئۇنىڭغا زىياپەت بېرەيلى، كېيىن بىر يولىنى قىلارمىز، — دېيىشىپتۇ. ئۇلار ئولۇپ قالغان بىر قىزىنىڭ گوشىنى ئېلىپ كېلىپ مۈشۈكنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ - دە، بورە بىر چوڭقۇرغا، تۈلكە چاتقال ئىچىگە، ئېيىق بىر ئوڭكۈرگە كىرىپ موكۇۋېلىپ، مۈشۈكنى كوزىتىپ تۇرۇشۇپتۇ. مۈشۈك گوشنى تالىشۇرۇپ يەۋېرىپتۇ. كوزلىرىنى ئوتتەك چاقنىتىپ، ئۇياق - بۇياققا تەلمۈرۈپ چىقىراپتۇ. بورە بىلەن ئېيىقنىڭ كەيپى ئۇچۇپتۇ. تۈلكە چاتقال ئارىسىدىن ماراپتۇ.

مۈشۈك چاتقالنىڭ شىلدىرلىغىنىنى ئاڭلاپ، چاشقان دەپ ئويلاپ، بىردىنلا تۈلكىگە ئېتىلىپتۇ. تۈلكە:

— ۋاي ئولدۇم! — دەپ ۋاقىراپ تاشلاپتۇ.

مۈشۈك قورقۇپ ئوزىنى بىر چوڭقۇرغا تاشلىغان ئىكەن، ئۇ يەردىن بورە ۋاي - ۋايلاپ قېچىپتۇ. مۈشۈك: «ئەمدى ئولدۇم، دەرەخكە چىقىۋالاي...» — دەپ، دەرەخ-

قە قاراپ ئەتتەك ئېيتىلغان ئىكەن. دەرەخ تۈۋىدىكى ئوڭ-
كۈردە ياتقان ئېيىق قورقۇپ ئۆزىنى بىر ھاڭغا ئېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئېشەك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ چاڭگ-
لىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

## „ئەجەپمۇ سېسىق ئىكەن!“

بىر ھويلىغا كىرگەن ئاچ تۈلكە ئېگىز ئىلغىغا ئېسىلغان بىر پارچە گۆشنى كۆرۈپتۇ.

— شۇنى يېسەم قورسىقىم راسا توياتتى – دە! — دەپتۇ تۈلكە.

ئۇ گۆش ئېسىلغان ئىلغىنىڭ تېگىگە كېلىپ بىر سەكرەپتۇ، يېتەلمەپتۇ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم سەكرەپتۇ، يەنە يېتەلمەپتۇ. ئاندىن بىر – ئىككى قەدەم كەينىگە سىلجىپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ سەكرەپتۇ، يېتەلمەپتۇ. ئۈچ قەدەم، بەش قەدەم، ئون، يىگىرمە، ھەتتا ئوتتۇز قەدەمچە يەردىنمۇ چېپىپ كېلىپ سەكرەپتۇ، زادىلا يېتەلمەپتۇ. ئاخىرى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن تۈلكە گۆشكە قاراپ تۇرۇپ:

— تۈف، ئەجەپمۇ سېسىق ئىكەنا! — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

# تــۆلكە بىلەن تــۇرنا

تۇرنا بىلەن تۆلكە دوست ئىكەن. كــۈنلەر ئــوتۇپ تۇرنا بالا چىقىرىپتۇ. ئۇلارنى كــوز قارىچوغىدەك ئاسراپ تەربىيىلەپتۇ. تۆلكە تۇرنىنىڭ بالىلىرىغا كــوز ئالايتىپ:
- بۇنى يەسەڭ قانداق ھــوزور ـ ھە ! » دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كــۈنى تــۇرنا بىلەن تــۆلكە ئوزۇقلۇق ئىزلەپ ئۆيدىن چىقىشىپتۇ. تۇرنا يىراق كولگە قــاراپ ئــۇچۇپ كېتىپتۇ. تۆلكە بولسا، دەررۇ تۇرنىنىڭ ئۆيىگە قايتىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بالىلىرىدىن سېمىزىنى تۇتۇپ يەپ قوسىقىنى تويغۇزۇۋاپتۇ.

تۇرنا قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئــالدىغا چىقىپ ياش توكۇپ:

— شورىمىز قۇرۇدى. كەلسەم بىر بالاڭ يوق...

تۇرنا يىغلاپ ـ قاخشاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇلار يەنە ئوزۇقلۇق ئىزلەپ كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن قــايتىپ كەلگەندە، تۇرنىنىڭ يەنە بىر بالىسى يوقلۇغى بىلىنىپتۇ.

— بۇنى پاقا يىگەن، پاقىنىڭ مــۈشۈ يەردە ئــەگىپ يۈرگىنىنى كورۈۋىدىم، — دەپ يالغان ئېيتىپتۇ تۆلكە.

ئەتىگەنلىگى تــۇرنا پاقىدىن ئــوچ ئــېلىش ئۈچۈن كولگە كېتىپتۇ. ئۇ، پاقىلارنى ئۇگىلىرىغا قوغلىۋې-

تىپ، قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئاخىرقى ئىككى بالىسىمۇ يوق تۇرغىدەك. تۇرنا ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ.

— نېمە بولدى، — دەپتۇ تۇرنا.

— ئۆيۈك كۆيدى، — دەپتۇ تۈلكە ۋە تۇرنىنىڭ ئۆزىنىمۇ يېيىش پېيىگە چۈشۈپتۇ. تۈلكىنىڭ نىيىتىنى سەزگەن تۇرنا:

— دوستۇم، بۇ يەردە بىزگە كۈن يوق ئىكەن، يۈر كېتەيلى، كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئوزۇقلۇق كۆپ، — دەپتۇ.

— كۆلدىن قانداق ئۆتىمەن؟ مېنىڭ قانىتىم يوققۇ، — دەپتۇ تۈلكە.

— مەن كۆتىرىپ ئۆتكۈزىمەن، — دەپتۇ تۇرنا.

تۈلكە ماقۇل بولۇپتۇ. تۇرنا تۈلكىنى كۆتىرىپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ئېگىز ئۆرلىگەندىن كېيىن:

— يەرنى كۆرۈۋاتامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ تۇرنا.

— ھە، مۇشتۇمدەك بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ تۈلكە.

— ئەمدىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تۇرنا يۇقىرى كۆتىرىلىپ.

— تەڭگىدەك بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— ياخشى، — دەپتۇ تۇرنا ۋە تۈلكىنى قويۇۋېتىپتۇ...

تۈلكە موللاق يەرگە چۈشۈپ، خۇددى تېرىقتەك تۆۋۈلۈپ كېتىپتۇ.

# ئۈچ تۆلكە

ئەشقە ئىسىملىك بىر توشقان بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئېشىكىگە مىنىپتۇ-دە، خوتىنىنى ئەگەشتۈرۈپ جاڭگاللىقنىڭ نېرىسىدا تۇرىدىغان ئاكىسىنىڭكىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئېرىق بويىدا سەكرىشىپ ئويناپ يۈرگەن توشقانلار:

— جاڭگال قورقۇنچلۇق، بارمىغىن، — دېيىشىپتۇ. ئەمما ئەشقە بۇنىڭغا قۇلاق سالماپتۇ.

كۈن راسا قىزىغان چۈش پەيتى ئىكەن، شوق خوتەك ئويناقلاپ بېشىدىكى پوپۇكلىرىنى سىلكىتىپ تىترىتىدىكەن. ئۆزىنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇرىغى توختىماي جىرىڭلايدىكەن.

جاڭگاللىقتا ياشايدىغان بىر ئۇۋىلىق تۆلكىلەر قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ-دە، قۇلاقلىرى دىڭگىيىپتۇ.

— ئەشقە كېلىۋېتىپتۇ، — دەپتۇ بالا تۆلكىلەر.

— ئالدىرىماڭلار، ھېلى ئەدىۋىنى بېرىمىز، — دەپتۇ ئانا تۆلكە، — مەن ئېشىكىنى ئېلىپ قاچىمەن.

— مەن خوتىنىنى ئېلىپ قاچىمەن، — دەپتۇ ئاتا تۆلكە.

— مەن كېيىملىرىنى ... — دەپتۇ بالا تۆلكە.

ئەشقە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئېشىكىنى ھەيدەپ ئالدىدا مېڭىۋېرىپتۇ، ھېرىپ كەتكەن خوتەك بولسا، خېلىلا كەينىدە،

قاپتۇ. ئەشقە كەينىگە تولا قاراپ، خوتەكنى چاقىرىپ ھېرىپتۇ - دە، ئەڭ ئاخىرى: «قوڭغۇراق جىرىڭلاۋاتىدۇغۇ، خوتەك كېلىۋېتىپتۇ - دە» دەپ ئويلاپ بىمالال كېتىۋېرىپتۇ.

بۇنى كورگەن ئاناتا تۈلكە ئاستا كېلىپ خوتەكتىن قوڭغۇراقنى يېشىۋاپتۇ - دە، ئىشەكنىڭ قۇيرۇغىغا باغلاپ قويۇپتۇ ۋە خوتەكنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

بىر بۇرۇلۇشتا ئانا تۈلكە پەيدا بوپتۇ - دە:

— ھەي توشقانجان، ئوزەڭ يالغۇز قاياققا كېتىپ بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەشقە: «شۇم تۈلكە خوتىگىمنى ئېلىپ قاچمىسۇن!» دەپ ئارقىسىغا قاراپتۇ، خوتەك يوق. «ۋاي خوتىگىمەي... قەيەردە قالدىڭ؟» دەپ بىردىنلا ھوڭرەپ يىغلىۋېتىپتۇ.

— يىغلىما، — دەپتۇ ئانا تۈلكە، — خوتىگىڭ قاياققا بېرىشنى بىلمەي نېرىقى دوقمۇشتا تۇرىدۇ. بېرىپ ئەيدەپ كەلگىن. مەن ئىشىگىڭگە قاراپ تۇراي.

ئەشقە ئىشەكنى قالدۇرۇپ ئارقىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

«ۋاي لەپشەكەي» دەپ كۈلۈپتۇ ئانا تۈلكە ۋە ئىشەكنى يورغىلىتىپ ئېلىپ قېچىپتۇ.

ئەشقە خوتەكنى تاپالماي قايتىپ كەپتۇ. قارىسا ئىشىگى يوق. ئۇ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە «ئەمدى ئوزەمنىمۇ ئوغرىلاپ كەتمىسىدى...» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەشقە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا كولنىڭ بويىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بالا تۈلكىگە يولۇقۇپ قاپتۇ ۋە:

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شورۇم قۇرۇدى، — دەپتۇ بالا تۈلكە، — بازارغا

كېتىپ باراتتىم، بىر ھەميان ئالتۇنۇم سۇغا چۈشۈپ كەتتى، ئەمدى دادام ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان بولدى.

— يىغلىما، — دەپتۇ ئەشقە ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ.

— ئۈزۈشنى بىلسەڭ ئەپچىقىپ بەرگىنە! يۈز تەڭگىنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ بالا تۈلكە. «ئىشەك بىلەن خوتەكنىڭ باھاسى يۈز تەڭگە تۇرماسمۇ؟ — دەپ ئويلاپتۇ ئەشقە، — مەيلى يۈز تەڭگە بولسىمۇ ئالاي، بۇنىڭغا بىر ئىشەك بولسىمۇ سېتىۋالسام بولىدۇ...»

— بوپتۇ، — دەپتۇ ئەشقە ۋە ھەش-پەش دېگىچە كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىپ، سۇغا شۇڭغۇپتۇ.

— مۇرادىمغا يەتتىم، — دەپ كۈلۈپتۇ بالا تۈلكە ۋە ئەشقەنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

*

# تۈلكە بىلەن يولۋاس

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاس ئوزۇقلۇق ئىزلەپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ، چوڭ بىر ئورمانلىقنىڭ بېشىغا كەلگەندە، تۇساتتىن تۈلكە بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— هاي، ھوي — دەپ ھۆۋلاپتۇ يولۋاس، — شۈمتەك، بەك ئېچىقاپ كەتكەن ئىدىم، سەن ماڭا راسا مېزىلىك غىزا بولىدىغان بولدۇڭ - دە!

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تۈلكە كۆزىنى چەكچىقلىتىپ، تازا غەزەپكە كەلگەن قىياپەتتە كىردۇۋېلىپ تىللاپتۇ:

— ھەي ھاماقەت، مېنىڭ كىملىگىمنى بىلەمسەن!

يولۋاس بېشىنى چايقاپ قويۇپتۇ.

— ھىم، — دەپتۇ تۈلكە غادىيىپ، — مەن ئورمانلاردىكى ھايۋانلارنىڭ پادىشاسى بولىمەن، كىمكى مېنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، ئىراقتىنلا پۈكلىنىپ تازىم قىلىدۇ ياكى دەرھال كۆزدىن يوقىلىدۇ.

يولۋاس شىددەت بىلەن تۈلكىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ:

— ھارامزادە شۈمتەك، مېنى ئالدىماقچىمۇسەن؟! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

— سېنى ئالداۋاتىمەنمۇ؟ — تۈلكىنىڭ كۆزلىرىدىن

قۇۋلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كېتىپتۇ، — يۈر، مەن بىلەن بىللە ئورمانلىققا بار، شۇندا مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىسەن!

— يۈر. يول باشلا! — دەپتۇ يولۋاس.

تۈلكە شۇ ھامان غادايغان ھالدا ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە قەدەم تاشلاپتۇ.

ئاق تۇشقانلار تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان يولۋاسنى كۆرۈپ جان - پېنى چىقىپ، قويۇق ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا ئۇچقاندەك چېپىپ كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولۇشۇپتۇ.

قىرغاۋۇللار يولۋاسنى كۆرۈپ «قاقاق» لىشىپ ئولەتىرلىشىگە قارىماي، دەرەخ ئۇچىغا قاراپ ئۇچۇشۇپتۇ...

تۈلكە قەددىنى توختىتىپ، كوزىنى قىسىپ، قۇيرۇغىنى پۇلاڭشىتىپ:

— ھە، ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟ — دەپتۇ.

— ھە، ھە! — دەپتۇ يولۋاس ئىشىنىپ، — كەچۈرسىلە پادىشاھى ئالەم!

## ھىلىگەر تۈلكە

توخۇلار تۈلكىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ ئېيىقنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ.

— ئېيىق پەلۋان، — دەپتۇ ئۇلار، — تۈلكىۋاي دەستىدىن بىزگە كۈن يوق. ھەر كېچىسى بىزنى قاقشىتىدۇ، ھېچكىمدىن ئەيمەنمەيدۇ.

— مەن ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن! — دەپتۇ ئېيىق ۋە تۈلكىنى چاقىرتىپتۇ. تۈلكە كېلىپ قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— ئېيىق ھەزرەتلىرى... مەن سىزدەك ئەزىزنىڭ يېقىنىغا تاش پاتمىسۇن، دەپ يۇمشاق ياستۇق ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ-دە، ئېيىققا ماموق ياستۇق بېرىپتۇ، — بۇ ئەخمەقلەر سىزنىڭ غېمىڭىزدە يۈرگىنىمنى بىلمەيدۇ...

ئېيىق ياستۇققا يۆلىنىپ راھەتلىنىپتۇ ۋە توخۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ:

— بېرىڭلار، ئەخمەقلەر. ئىككىنچى بۇنداق بىمەنە سۆزلەر بىلەن ئەرز قىلىپ كەلمەڭلار، — دەپ توخۇلارنى قوغلىۋېتىپتۇ.

شۇ كېچىسى يەنە ئىككى توخۇنىڭ شورى قۇرۇپتۇ. توخۇلار بۇرنىگە ئەرز قىلىپ بېرىشىپتۇ. بۆرە تۈلكىنى

ھەيدەپ كەلتۈرۈپتۇ.

بورە جاناپلىرى، مەن بىقىنىڭىز ئاغرىمىسۇن دەپ يۇمشاق ياستۇق ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ تۈلكە قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ ۋە بورىنىڭ قولتۇغىغا ماموق ياستۇقنى قويۇپ بېرىپتۇ، — بۇ قىزىل پوپۈكلۈك بەغەرەزلەر سىزنىڭ غېمىڭىزدە يۈرگىنىمنى بىلمەيدۇ...

بورە يەي ياستۇققا يۆلىنىپ راھەتلىنىپتۇ ۋە توخۇلارغا ۋاقىراپ:

— كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار، بەتبەخلەر! تۈلكە ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن خەيرلىك ئىش قىلغانلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلمەڭلار! — دەپ توخۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. توخۇلار نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. شۇ كېچىسى يەنە ئۈچ توخۇ تۈلكىگە يەم بوپتۇ. ئەتىسىگە توخۇلار ئاق مويناققا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. تۈلكە مويناققىمۇ ياستۇق بېرىپ:

— سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەپ يۈرگەن ئىدىم، — دەپتۇ. مويناق ياستۇققا قارىماپتۇ ۋە:

— ھارامزادە تۈلكىنى ياخشىلاپ ساۋاڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ دوستلىرىغا.

ئىتلار تۈلكىنىڭ ئەدىۋىنى راسا بېرىپتۇ.

— ئەمدى ئۇنى چۆلگە ھەيدىۋېتىڭلار، — دەپتۇ ئاق مويناق، — بولمىسا بۇ ئەبلەخ يەنە توخۇلارنىڭ گۆشىنى يەپ، پەيلىرىنى باشقىلارغا بېرىپ، قۇۋلۇق قىلىپ يۈرمىسۇن!

ئىتلار ھىلىگەر تۈلكىنى چۆلگە قوغلىۋېتىپتۇ.

# تاماخور بورە

نەچچە كۈندىن بۇيان قانلىق ئاغزىغا بىر تال چىۋىنمۇ سالماي ئاچ يۈرگەن بورە كەچقۇرۇندا بىر ئۆيىنىڭ دەرىزىسى يېنىغا كېلىپ ماراپتۇ. ئۆي ئىچىدىن كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بالىنىڭ ئانىسى:

— بولدى، يىغلىما. ئەمدى يەنە يىغلايدىغان بولساڭ بورىگە بېرىۋېتىمەن، — دەپتۇ. «مېنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىمنى ئۇي ئايالمىرىمۇ بىلىدىكەن - غۇ. ئەمدى بالىسى يىغلايدىغان بولسا ماڭا بېرىۋېتىدۇ» دەپ تاماخور بورە دەرىزىگە يۆلىنىپ تاڭ ئاتقىچە بالىنىڭ يىغلىشىنى كۈتۈپتۇ.

بىر چاغدا بالا يەنە يىغلاپتۇ.

— يىغلىما بالام، بورىگە بەرمەيمەن. بورە كېلىدىغان بولسا ئۆلتۈرىمەن، — دەپ بالىسىنى بەزلەپتۇ ئانا.

«ئادەملەردىن ماڭا قاچان مەنپەئەت يەتكەن، ئەمدى ئاستا كۆزدىن يوقىلاي» دەپ بورە ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ. ئەمما ئۇنى كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

# تۈلكىنىڭ تاپقان دورىسى

بورە بىلەن تۈلكىنىڭ ئەزەلدىنلا قوساق ئاغرىقى بولغاچقا، بورە بىر ئىلاجىنى قىلىپ، تۈلكىنىڭ راسا كېلىشتۈرۈپ بىر ئەدىۋىنى بېرىشنى ئويلاپ يۈرىدىكەن.

بىر كۈنى «پادىشا يولۋاس ئاغرىپ قاپتۇ» دېگەننى ئاڭلىغان بورە ھال سوراپ، پايپاسلاپ يولۋاسنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يولۋاسنىڭ ئاغرىقى خېلىلا ياخشى بولۇپ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان مەزگىلى ئىكەن. «ھال سورىغان كۆڭۈلگە ياخشى» دېگەندەك، يولۋاس بورىنىڭ ھال سوراپ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

«ئەمدى پۇرسەت كەلدى» دەپ ئويلىغان بورە يولۋاسقا تۈلكىنى يامانلاشقا باشلاپتۇ:

— تەقسىر، سىزنى ئاغرىپ قالدى دېگەننى ئاڭلاپلا يوقلاپ كەلدىم. ھېلىقى ھارامزادە تۈلكە ئاغرىپ ياتقانلىقىڭىزنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولسىمۇ، يوقلاپ قويۇشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس ئاچچىقلىنىپ، تۈلكىنى دەرھال چاقىرتىپتۇ. قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن

تۈلكە يولۋاسنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ، يولۋاسنىڭ ئالدىدا كورەڭلەپ ئولتۇرغان بورىنى كورۈپتۇ-دە، ئىشىنىڭ تەكتىنى چۈشىنىپتۇ.

تۈلكىنى كورگەن يولۋاس غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ:

— سەن نىمانچە يوغىناپ كەتتىڭ؟ ئاڭلىسام، ئارقامدىن غەيۋىتىمنى قىلىپ يۈرۈپسەن-غۇ!؟ — دەپتۇ.

— تەقسىر، ئۇزلىرى ئاغرىپ قالغان كۈندىن بۇيان، مەندە كۈندۈزى ئاراملىق، كېچىسى ئۇيقۇ يوق. دەردىلىرىگە شىپا بولغىدەك دورا ئىزلەپ بارمىغان يېرىم، سورىمىغان ئادىمىم قالمىدى. ئاخىرى ئۇنى تېپىپ ئالدىلىرىغا ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ تۈلكە خۇشامەت بىلەن.

«شىپالىق دورا تېپىپ كەلدىم» دىگەننى ئاڭلىغان يولۋاس تاقەتسىزلىنىپ:

— ئۇ قانداق دورا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ دورا — بورىنىڭ گوشى بىلەن تېرىسى. بورىنىڭ گوشىنى يەپ، تېرىسىگە يوگىنىپ راسا تەرلەنسىلە. سەللىمازا ساقىيىپ كېتىلا.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئورنىدىن قوزغالغان بورە غىپپىدە قېچىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەپتۇ.

قۇرۇق سوزدىن بورىنىڭ گوشى بىلەن تېرىسىنى ئەۋزەل كورگەن يولۋاس بورىنى بۇلجىتماي تۇتۇپ، چوكىنىغا بېسىپتۇ-دە، يەۋېتىپتۇ.

# ئات بىلەن يولۋاس

ئات كەڭ دالادا ئوتلاپ يۈرسە، ئالدىدىن بىر يول-
ۋاس چىقىپ كەپتۇ. بۇنى كورگەن ئات قورقۇپتۇ، لېكىن
قورقانلىغىنى بىلدۈرمەي:

— كىمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يولۋاستىن.

— يولۋاسمەن، بارلىق ھايۋانلارنىڭ پادىشاسىمەن،
سەن ئۆزەڭ كىمسەن؟ — دەپتۇ يولۋاس.

— مەن ھەممە ماللارنىڭ باشلىغى، — دەپتۇ ئات.

بۇنى ئاڭلىغان يولۋاس «باشقا بىر باشلىققا دۈچ
كېلىپ قاپتىمەن-غۇ» دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— ھەر ھالدا مەن سېنىڭدىن چوڭراق، — دەپتۇ.

— ياق، سېنىڭدىن مەن چوڭ، — دەپتۇ ئات.

ئۇلار ئۇزاققىچە گەپ تالىشىپتۇ. ئەڭ ئاخىرى ئات:

— بولمىسا كەلگىن، كۈچىمىزنى سىنىشىپ كورەيلى!
كىم كۈچلۈك بولسا شۇ چوڭ بولسۇن! — دەپتۇ.

— بوپتۇ، — دەپتۇ يولۋاس، — كۈچىمىزنى نېمە
بىلەن سىنايمىز؟

— قايسىمىز تاشتىن ئوچقۇن چىقىرالىساق، ئەنە شۇ
كۈچلۈك، — دەپتۇ ئات.

يولۋاس بۇ تەكلىپكە كونۇپتۇ ۋە بىرىنچى بولۇپ

كۈچىنى كورسىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇ پۇتلىرى بىلەن تاشنى تېپىپتۇ، تىپىپتۇ، لېكىن بىر تالمۇ ئۈچقۇن چىقماپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئات تاقىلانغان تۇيىقى بىلەن تاشنى بىر تەپكەن ئىكەن، چاراس - چۇرۇس، ۋال - ۋۇل قىلىپ تۇت تەرەپكە ئۈچقۇنلار چاچراپتۇ.

ئۈچقۇننى كورۇپ قورقۇپ كەتكەن يولۋاس، ئارقا - كەينىگە قارىماي قېچىپ كېتىپتۇ.

# ئاچ بورە

بىر ئاچ بورە يەيدىغان بىر نەرسە تاپالماي، ناھايىتى سەرسان بوپتۇ. ئۇ «ئالدىمغا دۈچ كەلگەن نەرسىنى يەيمەن!» دەپ ئويلاپتۇ.

بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قوزىچاق چىقىپ قاپتۇ.

— ۋاھ، قانداق ياخشى-ھە! — دەپتۇ بورە شولگەيلىرىنى ئېقىتىپ، — قوزىچاق مەن سېنى يەيمەن.

— توختا! شۇنداق قورۇق-لا يەۋېرەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قوزىچاق.

— بولمىسا قانداق يەي، — دەپتۇ بورە.

— ئەگەردە ھوزۇر قىلىمەن دىسەڭ، — دەپتۇ قوزىچاق ئۇنىڭغا، — يېزىغا بارغىن، زىخ، پىياز، قارىمۇچ ئېلىپ كەلگىن، كېيىن گوشۇمنى زىخقا ئۆتكۈز-دە، ياخشىلاپ كاۋاپ قىل. پىيازنى قارىمۇچ بىلەن ئەزگىن ۋە ئۇنى كاۋاپقا سېپىپ يىگىن. دۇنيادا مۇنداق كاۋاپتىن ئارتۇق غىزا يوق.

— راست ئېيتىسەن، — دەپتۇ بورە ۋە يېزىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. يولدا قويچىلار يولۇقۇپتۇ.

— ھاي ئاغىنىلەر، ماڭا پىياز، زىخ، قارىمۇچ بېرىڭلار، قوزىچاقنى بەررە كاۋاپ قىلىپ يەيمەن، ھوزۇر

قىلىمەن! ــ دەپ ۋاقىراپتۇ. قويچىلار بۇنى ئاڭلاپ:
ــ مانا ساڭا پىياز، زىخ، قارىمۇچ! قېنى شۇ كاۋاپ يەيدىغان چىشلىرىڭ؟! — دەپ بورىنىڭ تۇمشۇقىغا تاياق بىلەن كېلىشتۇرۇپ راسا ساپتۇ.

* * *

# بورە بىلەن ئۆشكە

بىر كۈنى چوپ چېپىۋاتقان دىخان يول بويىدىكى تېرەك سايىسىدا چۈشلۈك تاماقنى يەپ ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى قېلىن ئورماندىن بىر ئاچ بورە چىقىپ كەپتۇ ـ دە:

— ئەي كىشى، نېمە يەۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نان بىلەن ھەسەل يەۋاتىمەن، — دەپتۇ دىخان.

— ماڭىمۇ ئازراق بەرسەڭ، يەپ كورسەم!

دىخان يەۋاتقان نېنىدىن بىر بۇردا سۇندۇرۇپ، ھەسەلگە تۆگۈرۈپ بورىگە بېرىپتۇ. يۇمشاق نان بورىگە بەك تەملىك تېتىپ كېتىپتۇ. شۇڭا:

— مېنىڭ قوسىقىم ئاچ، مەن نان يېيىشنى خالايمەن. بىراق، مەن ئۇنى قانداق پىشۇرۇشنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ.

دىخان بورىگە ناننى قانداق تەييارلاشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ — يەر ھەيدەش، تېرىش، سۇغىرىشتىن باشلاپ، تاكى ناننى يېقىپ پىشۇرغانغا قەدەر بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپتۇ.

— ۋاي ـ ۋۇي! ...، — دەپتۇ دىخاننىڭ سوزىنى ئاڭلىغان بورە، — بۇ بەكمۇ مۇشەققەتلىك ئىش ئىكەن، سەن ماڭا قانداق قىلىپ، تەييارلا نانغا ئىگە بولۇش

لازىملىقى ھەققىدە مەسلىھەت بەرسەڭ!
دىخان بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ بورىگە مۇنداق دەپتۇ:
— ئۇنداقتا سەن، يايلاققا — يىلقىلارنىڭ يېنىغا بار. ئۇ يەردە بىر قۇلۇنلۇق بىيە بار، سەن شۇنىڭ قۇلۇنىنى يىگىن!
بورە دىخاننىڭ سوزىنى راست دەپ بىلىپ، ئۇدۇل يايلاققا بېرىپتۇ. دىگەندەك بىر توپ يىلقا ئوتلاپ يۈرگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇلۇنلۇق بىيىمۇ بار ئىكەن. بورە قۇلۇنلۇق بىيىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ - دە، ئانىسىنى ئېمىۋاتقان قۇلۇنغا ئېتىلىپتۇ. بىيە چىۋەرلىك بىلەن قوش ئاياقلاپ شۇنداق چىڭ تېپىپتۇكى، بورە خېلىغىچە ھوشىغا كېلەلمەي يېتىپ قاپتۇ.
ئاچ بورە ھوشىغا كېلىپ، ھېلىقى دىخاننىڭ يېنىغا يەنە كەپتۇ - دە، يىغلامسىراپ:
— ئۇنى يىيىشكە مۇمكىن بولمىدى، — دەپتۇ.
— ئەگەر، — دەپتۇ دىخان، — ئۇنىڭدىن نەپ ئالالمىغان بولساڭ، ئاۋۇ قىيالىق تاققا چىق. ئۇ يەردە ئۆشكە تولا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سېمىزرەك بىرىنى تاللىۋېلىپ شۇنى يىگىن!
بورە تاققا چىقىپ، ئەڭ چوڭ، سېمىز بىر ئۆشكىنى كورۇپتۇ - دە:
— ھە... بەللى! يىيىشكە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى گوش تېپىلارمۇ؟ — دەپتۇ ئاغزىدىن شولگەيلىرىنى ئېقىتىپ، — سېنى مېنىڭ يىيىشىمگە دىخان بۇيرۇغان ئىدى. شۇڭا

قارشىلىق قىلمىغىن!

— بورىۋاي، بۇنىڭغا مېنىڭ نىمە ئامالىم بار، بوپتۇ، يىسەڭ - يىگىن! لېكىن، مېنى پارچىلاپ يەيمەن دەپ ئاۋارە بولما، مېنىڭ تېرەمنى بۇزما! سەن ئاۋۇ يەرگە بېرىپ، تاشقا ئۆزەڭنى تىرەپ، پۇتلىرىڭنى كېرىپ، ئاغزىڭنى يوغان ئېچىپ تۇرغىن، مەن يۈگۈرۈپ كېلىمەن - دە، ئاغزىڭغا كىرىپ كېتىمەن، — دەپتۇ ئۆشكە.

بورە ئۆشكىنىڭ دىگىنى بويىچە تۇرۇپتۇ. ئۆشكە يۈگۈرۈپ كېلىپ، كېلىشكەن مۈڭگۈزلىرى بىلەن بورىنى شۇنچىلىك قاتتىق ئۈسۈپتۇكى، بورە بىر قانچە سائەتكىچە ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ.

بورە ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئەتراپىدا ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ توت تەرەپكە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە:

— مەن ئۆشكىنى يىدىممۇ - يىمىدىممۇ؟ ئۇنىڭ كۆرۈنمىگەنلىكىگە قارىغاندا يىگەن ئوخشايمەن، — دەپتۇ.

# بوۋاينىڭ دوست ئىزلىشى

بۇرۇن بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆزىگە كەمچىلىكى يوق دوست تاپماقچى بولسىمۇ، لېكىن تاكى چېچى ئاقىرىپ كەتكىچە مۇنداق ئادەمنى تاپالماپتۇ. ئۇ، «ھايۋانلار دۇنياسىدىن كۆڭلۈمدىكىدەك بىر دوست تېپىۋالسام ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئورمانلىققا قاراپ يول ئاپتۇ.

بوۋاينىڭ دوست ئىزلەپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن ھايۋانلار ئۇنى بەس-بەستە قارشى ئاپتۇ.

— ئىككىمىز دوست بولايلى، — دەپتۇ مايمۇن بېگىلا ئۈزگەن قىپ-قىزىل ۋە يوغان شاپتۇلنى بوۋايغا ئۇزىتىپ، — مەن ھەر كۈنى سىزگە ياۋا مېۋىلەرنى ئۈزۈپ بېرىمەن!

— ياق، سەن ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ كەپسىزسەن، — دەپتۇ بوۋاي بېشىنى چايقاپ.

— ئىككىمىز دوست بولايلى! مەن سىزنىڭ ئېغىر ئەمگەكلىرىڭىزنى قىلىشىپ بېرىمەن، — دەپتۇ پىل.

— ياق، — دەپتۇ بوۋاي ئالدىراپ-تېنەپ، — سېنىڭ مىجەزىڭ بەك چۈس، ئاچچىغىڭ كەلسە كۆزۈڭگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ.

توز قانات-قۇيرۇقلىرىنى كېرىپ، پەتىراپ ئۇسۇل

ئويناپ:

— ئىككىمىز دوست بولايلى، مەن سىزگە ھەر كۈنى ئۇسۇل ئويناپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

— ياق! — دەپتۇ بوۋاي تۇزغا قاراپمۇ قويماي، — مەن ئەتىدىن كەچكىچە باشقىلار بىلەن گۈزەللىك تالىشىمەن.

— سىلەرنىڭ «كەمچىلىكى يوق دوست ئىزلەيدىغان كىشىنىڭ دوستى بولمايدۇ» دېگەن بىر سۆزۈڭلار بارغۇ؟! — دەپتۇ تاقەتسىزلەنگەن چىگدە قۇش، — سىز يەنە قايتىپ بېرىپ يەككە-يېگانە ياشاۋېرىڭ، بىزنىڭ بۇ يەردىن كۆڭلىڭىزدىكى دوستنى مەڭگۈ تاپالمايسىز.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ھايۋاناتلار گۇررىدە تارقىشىپ كېتىپتۇ.

كېيىن بىلىنىلىك، ئاقكۆڭۈل بىر كىشى بوۋايغا:

— باشقىلاردىن بىر ئازمۇ كەمچىلىكى بولماسلىقنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مۇھىمى، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى تۈزۈتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك، — دەپتۇ.

## شورپا قىلامدۇق ــ كاۋاپمۇ؟

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر توپ ياۋا غازلارنى كورۇپتۇ ـ دە. دەرھال ئوقيالىرىنى بەتلىشىپ ئاتماقچى بولۇشۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئاكىسى:

ــ ئېتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن شورپا سالايلى، ــ دەپتۇ.

ــ مېنىڭچە كاۋاپ قىلساق لەززەتلىك بولىدۇ. ــ دەپتۇ ئۇكىسى.

ئىككىيلەن تالىشىپ قاپتۇ، بىرلىككە كېلەلمەي، ئاخىرى بىر ئادەمنى ئايرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. نەتىجىدە، غاز گوشىنىڭ يېرىمىدە شورپا سالىدىغان، يېرىمىنى كاۋاپ قىلىدىغان بولۇپ پۈتۈشۈپتۇ، ئەمما ئۇلار، „ئەمدى ياۋا غازلارنى ئاتايلى“ دەپ كوككە قارىغان ئىكەن، غازلارنىڭ قارىسىمۇ كورۈنمەپتۇ.

* * *

# بۇغا

بىر بۇغا ئۇستەڭگە سۇ ئىچكىلى بېرىپتۇ-دە، يوغان ۋە شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈزىنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ، ناھايىتى زوقلىنىپتۇ. ئاندىن پۇتىغا قاراپ: «پۇتۇم ئەجەبىمۇ سەت ھەم ۋىجىك ئىكەن» دەپ كۆڭلى غەش بوپتۇ.

شۇ ئەسنادا تۇساتتىن پەيدا بولغان شىر ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ ئۇنىڭغا خىرىس قىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن بۇغا جېنىنىڭ بېرىچە سايلىققا قاراپ قېچىپتۇ. شىر يېتىشەلمەپتۇ. بۇغا شامالدەك يۈگۈرۈپ بىر ئورمانلىققا كەلگەندە، ئۇنىڭ شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈزى دەرەخنىڭ شاخپۇتاقلىرىغا ئىلىنىپ قېلىپ يۈگۈرەلمەي قاپتۇ. ئاڭغىچە شىر كېلىپ بۇغىنى تۇتۇۋاپتۇ.

بۇ چاغدا بۇغا ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەپ: «مەن نېمە دېگەن بەغەرەز-ھە! مەن ياراتمىغان پۇتۇم جېنىمنى قۇتۇلدۇرغان ئىدى. مەن تەمەننا ئەيلىگەن مۈڭگۈزۈم مېنى بالاغا تىقتى» دەپ ھەسرەت قىپتۇ.

# تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى

قۇيرۇقىنى چىقىرىپ يۈرسە كىشىلەرنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ يۈرگەن تۈلكە، تانا بىلەن قۇيرۇقىنى قورسىقىغا تېڭىۋېتىپتۇ ۋە ئۆزىنى ئەقىللىق ھېساپلاپ، خاتىرجەم ھالدا ماختىنىپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى تۈلكە ئېتىزلىققا بارغاندا دېھقانغا ئۇچراپ قاپتۇ ــ دە، يۈرىكى پوكۇلداپ:

— دېھقان تاغا، تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى بولىدۇ، قۇيرۇقى بولمىسا ئۇنى تۈلكە دېگىلى بولمايدۇ، قاراڭ، مانا مېنىڭ قۇيرۇقۇم يوق، مەن تۈلكە ئەمەس... — دەپتۇ.

تۈلكىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا دېھقان كەتمەن بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرغان ئىكەن، تۈلكە ۋايجانلاپ سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە قۇيرۇقى ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ.

دېھقان قا ــ قاقلاپ كۈلۈپ:

— ھەر قانداق نەرسە نىقاپلىنىۋالسىمۇ، ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغاندا ئەسلى قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

# توشقان ئوۋلاش

بۇرۇنقى زاماندا توشقان ئوۋلاشقا خۇشتار بىر ئوۋچى ئوتكەن ئىكەن. بىراق ئۇ باشقىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشنى ياقتۇرماي، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ قارىغا ئېتىش ماھارىتىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنىمۇ خالىماي، پو ئېتىپلا يۈرىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ھەر قېتىم ئوۋغا چىقسا قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدىكەن.

بىر قېتىم خوشنىسى ئۇنىڭدىن:

— مەن سېنىڭ ئوۋلاپ كەلگەن توشقىنىڭنى كورمىدىمغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوۋچى كۇلۇپ تۇرۇپ:

— مەن پەقەت توشقان ئوۋلاشنىلا ياخشى كورىمەن. ئۇنى يېيىشنى ياخشى كورمەيمەن، شۇڭا ھەر قېتىم ئوۋلاپ كەلگەن توشقاننى ئاغىنىلىرىمغا بېرىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا كېلەر قېتىم ماڭا بىرنى بەر. مەنمۇ خېلى يېقىن ئاغىنەڭغۇ؟! — دەپتۇ خوشنىسى.

خوشنىسىنىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئەتىسى قاق سەھەردىلا توشقان ئوۋلاشقا چىقىپتۇ. لېكىن كۈن پاتقىچە كېزىپ يۈرۈپمۇ بىرمۇ توشقان ئاتالماپتۇ. ئۇ بۇ ئىشتىن خاپا بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا توشقان ساتىدىغان بىر ئادەمگە

يولۇقۇپتۇ. ئوۋچى بۇنى كورۇپ، كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، دەرھال ئىككى توشقان سېتىۋاپتۇ - دە، خوشال ھالدا ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۆيگە يېقىنلىشىپ قالغاندا ئۇ: «ئەگەر بۇ تىرىك توشقاننى ئۆيگە شۇ پېتى ئېلىپ بارسام، كىشىلەر ئۆزەمنىڭ ئوۋلىغانلىقىمغا ئىشەنمەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، توشقاننى بىر كىچىك دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئۆزى يىراقتا تۇرۇپ توشقاننى قارىغا ئېلىپ ئېتىپتۇ. «پاك» قىلغان ئاۋاز چىقىشى بىلەن توشقان ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىپتۇ.

بۇ قانداق ئىش؟ ئەسلىدە ئوۋچى ئاتقان ئوق توشقانغا تەگمەي، توشقاننى باغلاپ قويغان يىپقا تېگىپ، يىپنى ئۈزۈۋەتكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خوشنىسى كورۇپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ، ئوۋچىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي، ئاغىنە، سەن توشقاننى مۇشۇنداق ئوۋلايدىكەنسەن - دە! — دەپتۇ.

# تۈلكە بىلەن ئېيىق

قەدىمقى زاماندا ئېيىق بىلەن تۈلكە دوست ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېيىق تۈلكىدىن:

— دوستۇم، سەن ماڭا ئاخىرغىچە ھەمرا بولالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ساڭا چوقۇم ھەمرا بولىمەن. بىراق... — دەپتۇ تۈلكە ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان بۈركۈتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ بۈركۈتكە قاناتنى مەن بەرگەن ئىدىم. ئەمدىلىكتە ماڭا سالامۇ قىلماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم، دوستۇم، ماڭىمۇ قانات بەرگەن بولساڭ، — دەپتۇ ئېيىق قىزىقىپ.

— مەن ساڭا قانات بەرسەم بۈركۈتكە ئوخشاش سالامۇ قىلماسسەنمىكىن؟

— مەن ساڭا ھەر قانداق چاغدا چوقۇم سالام قىلىمەن، — دەپتۇ ئېيىق يالۋۇرۇپ.

— بوپتۇ، ساڭىمۇ قانات بېرەي، بىراق، ساڭاقانات چىقىرىش ئۈچۈن بىر تال ئاغامچا بىلەن بىر تال ياغاچ كېرەك، — دەپتۇ تۈلكە.

ئېيىق تۈلكىنىڭ بۇ ھەممىتىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە

«بۆركۆتكە ئوخشاش ئاسماندا پەرۋاز قىلىدىغان بولدۇم» دەپ خوشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ. ئاغامچا بىلەن ياغاچنى بىر دەمنىڭ ئىچىدە تەل قىلىپتۇ. تۆلكە ياغاچنى ئېيىقنىڭ قولتۇقىغا چىڭ قىلىپ باغلاپتۇ ۋە قىيا ئۈستىگە باشلاپ چىقىپ:

— دوستۇم، مۇشۇ يەردىن سەكرىسەڭ ساڭا قانات چىقىدۇ، — دەپتۇ.

ئېيىق پەسكە قاراپ بىر سەكرىگەن ئىكەن، ھاڭغا دومىلاپ چۈشۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. تۆلكە ئۆز پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن خوشال بولۇپ ئېيىقنى يەمەكچى بوپتۇ-دە، پەسكە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئەمدىلا ئېيىقنىڭ يانپىشىدىن چىشلىشىگە ئېيىق چۆچۈپ ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ توزاققا چۈشكەنلىكىنى سېزىپ، كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكۈپتۇ-دە:

— دوستۇم، مېنىڭ قولاق بېزىم ناھايىتى تاتلىق، ئالدى بىلەن شۇ يەردىن يېگىن، — دەپتۇ.

تۆلكە ئېيىقنىڭ قولاق تۈۋىگە يېقىن كېلىشى ھامان، ئېيىق بارلىق كۈچىنى يىغىپ تۆلكىنىڭ كېكىرتىكىدىن ئاپتۇ. ھېلىگەر تۆلكە ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۇزىنى بوشىتالماپتۇ، ئاخىرى قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يالۋۇرۇپتۇ. بىراق، ئېيىق قويۇپبەرمەي:

— سەن مېنى نېمىشقا ئالدىيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆلكە غال-غال تىترەپ، بىچارە قىياپەتتە راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ:

— قوسىقىم بەكمۇ ئاچقان ئىدى، باشقا يەرگە

بېرىپ ئوزۇق ئىزلەشكە تاقەت قىلالماي مۇشۇ ھىلىنى تاپقان ئىدىم.

تۈلكىنىڭ ئەپتىدىن يەنىلا قۇۋۇلۇق - شۇملۇقنى سەزگەن ئېيىق:

— مېنىڭ قوسىقىممۇ تازا ئاچتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېيىپ بولدۇم، ئوزۇق ئىزلەپ باشقا جايلارغا بارغىدەك ماغدۇرۇم يوق شۇڭا ئالدىمدىكى تەييار غىزانى يېيىشىم كېرەك، — دەپتۇ - دە، تۈلكىنى يەۋېتىپتۇ.

# پاقىنىڭ لاپ ئۇرۇشى

بىر پاقا كالىنىڭ بىر تال تۈكىنى تېپىۋاپتۇ ۋە ئۇنى كالپۇكىغا چاپلىۋېلىپ بارغانلايەردە: «مەن بۈگۈن بىر كالىنى پۈتۈن يۇتۇۋەتتىم» دەپ لاپ ئۇرۇپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بىرمۇنچە جانۋارلار ھەيران بولۇشۇپتۇ. قۇشقاچ بېشىنى چايقاپ مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋەرمە! ئېزەك ياغاچچىلىكلا بىرنېمە، بىر كالىنى قانداقمۇ يۇتۇۋېتەلەيسەن؟

— ھىم، ئىشەنمەمسەن؟ مېنىڭ كالپۇكىمدا قالغان كالىنىڭ مۇنۇ بىر تال تۈكىنى كۆرمىدۈڭمۇ؟! — دەپتۇ پاقا كۆرەڭلەپ.

دەل شۇ چاغدا ئۇدۇلدىن بىر كالا كېلىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قۇشقاچ پاقىغا:

— راست-يالغانلىقىنى نەق مەيداندا كۆرىمىز. قېنى سەن مۇنۇ كېلىۋاتقان كالىنى يۇتۇۋېتىپ باقە! — دەپتۇ. پاقا ئالدىراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ:

— ياق-ياق، مەن بۈگۈن بىر كالىنى يۇتۇۋەتتىم. قورسىقىم بەك تويۇپ كەتتى. ئەتە قورسىقىم ئاچقاندا بۇ كالىنى چوقۇم يۇتۇۋېتىمەن! — دەپتۇ.

شۇپەيتتە ئاستا يېتىپ كەلگەن كالا پاقىنى دەسسە-
ۋەتكىلى تاس قاپتۇ. قورققىنىدىن پاقىنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ، ئۇزىنى قاچۇرۇپتۇ. دەرەختىكى قۇشقاچ بۇ ئەھۋالنى كورۇپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئاستىراق ماڭ پاقىجان، كالا ساڭا يەنە بىر قانچە تال تۈكىنى قالدۇرۇپ كەتسۇن! — دەپتۇ.

(يۇقۇرقى مەسەللەرنى مۇتەللىپ پالتاخۇن توپلاپ رەتلىگەن.)

# بورە بىلەن قاپاق

بۇرۇنقى زاماندا، تاغ باغرىدىكى بىر يېزا ئەتراپىدا تولىمۇ ياۋۇز بىر بورە ياشايدىكەن. ئۇ ھەركۈنى كېچىسى يېزىنى تىنتىپ، دېخانلارنىڭ قويى ياكى كالىسىنىڭ قوسىقىنى يارىدىكەن-دە، يېگىنىنى يەپ، يېمىگىنىنى تاشلاپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى بورە يەنە يېزىنى تىنتىپ، بىر دېخاننىڭ يالغۇز قويىنى يەپ، ژىنى يېرىلغىدەك تويۇپ، ئىنىغا كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

تاڭغا يېقىن گۈلدۈرلەپ بوران چىقىپتۇ-دە، يوغان بىر قاپاقنى دومىلىتا-دومىلىتا ھىلىقى ياۋۇز بورىنىڭ ئىنىغا ئاپىرىپ كەپلەپ قويۇپتۇ. قاپاق بوراندا قاتتىق غوڭۇلداشقا باشلاپتۇ.

تويۇۋېلىپ، شىرىن ئۇيقىغا كەتكەن بورە بوراننىڭ قاتتىق گۈكىرىشىدىن چوچۇپ ئويغىنىپ، سىرتتا بىرنەرسىنىڭ غەلىتە غوڭۇلداۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۆمرىدە مۇنداق ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغان بورە قۇلىقىغا بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي، بىر-ئىككى چامدام بېرى كېلىپ يەنە تىڭشاپتۇ. تىڭشىغانسېرى غوڭۇلدىغان ئاۋاز كۈچىيىپتۇ. بورىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ سۇر بېسىپ تەرلەپ كېتىپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن بۆرە ئىنىنىڭ ئېغىزىغا زادىلا بارالماپتۇ.

بىر كۈن ئۆتتۇپتۇ، بۆرىنىڭ قوسىقى ئېچىپتۇ. بۆرە ئىندىن چىقاي دېسە، غوڭگۇلدىغان ئاۋازدىن قورقىدىكەن، چىقماي دېسە. قوسىقى ئېچىپ ئىككى بىقىنى بىر بىرىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئاچلىقنىڭ ئەلىمى ئۆتكەن بۆرە نېرى ئويلاپ، بېرى ئويلاپ: «يېتىپ ئۆلگىچە ئېتىپ ئۆل، دېيىشكەن، تۇمشۇغۇم بىلەن بىرلا تۇرتۇپ غوڭگۇلداقنى چوچۇتىۋېتىپ، قۇيرۇقنى تىكىۋەتمەيمەنمۇ» دەپتۇ-دە، جېنىنىڭ بېرىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ، قاپاقنى تۇمشۇقى بىلەن قاتتىق تۇرتۇپ، ئىندىن چىقىپتۇ. قاپاق دومىلاپ بېرىپ شامال تەگمەيدىغان كارىزغا چۈشۈپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۆرە دوڭگە چىقىۋېلىپ، سالپاڭ قۇلىقىنى دىك تۇتۇپ، قاپاققا قاراپتۇ. قاپاق غوڭگۇلدىماپتۇ. بۆرە ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ:

— ھەي غوڭگۇلداق، قېنى ئەمدى غوڭگۇلداپ باقە! — دەپتۇ. ئەمما قاپاق جىم تۇرۇۋېتىپتۇ. بۆرە: «بىر تۇرتۇپ قويۇۋىدىم، چوچۇپ توختاپ قالدى، بىراق، سەھەردە يەنە غوڭگۇلداپ ئۆپكەمنى ئېلىپ بېشىمغا قاقىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇنى ھازىرلا يوقىتاي» دەپتۇ-دە، بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ قاپاقنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— ھەي، سەن مېنى شۇنچىۋالا قورقىتامسەن؟ — دەپتۇ بۆرە قاپاققا. قاپاق ئۈن چىقارماپتۇ. بۆرە غەزەپلىنىپ، قاپاققا قاراپ:

— سەن مېنى ئاز قىينىدىڭمۇ؟ بىرىنچىدىن، يۈرىگىمە-نى يېرىۋەتكىلى تاس قالدىڭ، ئىككىنچىدىن، 2 كۈن ئاچ

قويدۇق. سېنىڭ چاچاڭنى بەرمەسمەن، — دەپلا قاپاقنى قۇيرۇغىغا باغلاپ سازايە قىلماقچى بولۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

بورە قاپاقنى سۆرەپ تۈزگە چىققاندىن كېيىن، قاپاقنىڭ ئېغىزىغا شامال ئۇرۇلۇپ، ئاستا غوڭۇلداپتۇ. بورىگە يەنە تىترەك ئولىشىپ، تېخىمۇ ئىتتىك مېڭىشقا باشلاپتۇ؛ قاپاق تېخىمۇ قاتتىق غوڭۇلداپتۇ. بورە «بۇ ئەمدى مېنى ئۇچۇقتۇرۇۋېتىدىغان بولدى» دەپ ئالاقزادە بولۇپ، قاپاقنى چوكتۇرۇپ غەرق قىلىۋەتمەكچى بولۇپ، دەرياغا قاراپ بولۇشىغا يۈگۈرۈپتۇ. شامالنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشى بىلەن قاپاق تېخىمۇ قاتتىق غوڭۇلداپتۇ. قورقۇپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقان بورە دەريانىڭ بويىغا كېلىپ، قاپاقنى قۇيرۇغىدىن يېشىپ چۆرۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ، دەرياغا شۇپىتى كىرىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن قاپاقنىڭ ئىچىگە سۇ لىق توشۇپ، بورىنى چوڭقۇر قاينامغا سۆرەپ كىرىپ كېتىپتۇ، بورە ئۆلۈپتۇ. تاغ باغرىدىكى دېخانلار ئارام تېپىپتۇ.

# ئات بىلەن ئىت

ئات بىلەن ئىت بىر قورادا تۇرسىمۇ، ئىت ئۆزىنىڭ سەزگۈرلىكى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئاتنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىكەن. بەزىدە: «سوكالقۇيرۇق، پالاز كالپۇك لەقۋا» دەپ مەسخىرە قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئىت ھىچنىمىدىن-ھىچنىمە يوقلا، سۇ ئىچكىلى چىقىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئالدىغا ئوتۇپ قاۋاپتۇ، ئارقىسىغا ئوتۇپ سىڭىرىنى چىشلەپتۇ. ئات ئىتنىڭ بىشەملىكىدىن خاپا بولۇپ، بىر چەكچەيگەن ئىكەن، ئىت ئارقىسىغا داجىپ تۇرۇپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپتۇ. ئاندىن مۇغەمبەرلىك بىلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ:

— مەن قىل قىمىرلىسا تۇيىدىغان سەگەك. كېچە-كۈندۈز ئۆينى ساقلايمەن. ئوغرى-يالغانچى قوراغا زادىلا كىرگۈزمەيمەن، — دەپ ماختىنىپتۇ. ئات ئىتنىڭ ماختانچاقلىقىدىن ئەجەپلىنىپ:

— ئۆيدە ھەربىر نەرسىگە لايىق ئىش بار، ئۆز ئىشىمىز بىلەن ماختانمايلى، — دەپتۇ.

— ماختانمايچۇ، سەن يەر ھايدايسەن، ھارغىچە يەيسەن، شۇ. قولۇڭدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ.

— راست ئېيتتىسەن، — دەپتۇ ئات، — مەن يەر

ھايدايمەن، خامان تېپىمەن، ئاشلىقنى ئۆيگە توشۇيمەن، تۆگمەنگە ئېلىپ بارىمەن، قىش كۈنلىرى ئۆيگە كۆمۈر، ئوتۇن توشۇيمەن، بۇلار ئىش ئەمەسمىكەن؟

— بۇ ئىشلىرىڭنىڭ ماڭا نىمە پايدىسى، — دەپتۇ ئىت.

ئاتنىڭ غۇززىدا ئاچچىغى كەپتۇ-دە، ئىتقا ئاللىيىپ تۇرۇپ:

— ئۇگۈتنى تۆگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن قىلمىسام كىپەك چىقمايدۇ، كىپەك چىقمىسا، سەن نىمە يەيسەن؟ — دەپتۇ.

ئىت غىڭ قىلالماي قۇيرۇغىنىڭ ئۇچىغا قاراپ قاپتۇ.

# قارا غوجا بىلەن تايغان

تايغان بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بوسۇغا تۈۋىدە ياتسا، بىر قارا غوجا ئىشىك بېشىغا قونۇپ، ۋىچىرلاپ سايراپتۇ، ئالمىقانىداق بىر نەغمىلەرنى دوراپتۇ. ئاندىن ئىگىشىپ ياتقان تايغانغا قاراپ:

— ھەي تايغان، سەن ئىشقى يوق ئىشەك، دەردى يوق كېسەكتەك كەچكىرگىچە ياتىدىكەنسەن. سايراپباققىنە، مەن ئاڭلاي؟ — دەپتۇ. تايغان ئورنىدىن تۇرۇپ، تازا بىر كېرىلىۋېلىپ، ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنەۋېتىپ:

— مەن سايرىيالمايمەن، قاۋاپ بېرەي، — دەپتۇ.

قاراغوجا سايراپ بېرىسەن، دەپ قىستاپتۇ. تايغان:

— ئىگەم ھەربىرسىزگە ۋەزىپە بەرگەن، مېنىڭ ۋەزىپەم: سايراش ئەمەس، قاۋاش، كېچىلىرى ئۇخلىماي ئۆي ساقلاش، ئوغرىنى قوراغا، بۆرىنى قوتانغا كەلتۈرمەسلىك، ئۇۋغا چىققاندا، ئىگەمگە تۈلكە، توشقان، غاز-ئۆدەك، قىرغاۋۇللارنى ئىزلەپ تېپىپ بېرىش، — دەپتۇ.

— شۇنچە ئىشلارنى بىلىدىكەنسەنۇ، — دەپتۇ قارا غوجا، — سايراشنى نېمىشقا ئۆگىنىۋالالمايسەن؟

— مەن سايراشنى ئۆگىنىۋالسام، سەن نېمە قىلىسەن؟ مېنىڭ ئۆزۈۋەزىپەمنى بىجا كەلتۈرۈشۈم — سايراش، سېنىڭ مېنى سايراشقا قىستىشىڭ، تاشقا تاياق تاڭغانلىقىڭ، — دەپتۇئىت.

# ھورۇن ئىت

بىر يىلى قىش ناھايىتى قاتتىق كەپتۇ. قار ئۆگزە بويى يېغىپ، دەرەخ ئۇچىدىكى قاغىلار توڭلاپ يەرگە چۈشۈپتۇ. دائىم بوسۇغىدا يېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئىت-نىڭ كۆڭلى تەس بوپتۇ. ئىت سوغنىڭ دەستىدىن تۈگۈلۈپ يېتىپ بېشىنى چىقىرالمايدىغان، ئورنىدىن تۇرسا سەكىل-دەپ، قاتىرايدىغان بولۇپ قاپتۇ. قاتتىق سوغ ئىتنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ: «خەپ، مەنمۇ يازدا تازا ئىسسىق بىر ساراي سال-سام، ئىت بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، يامان سوغ تۈگەپ، باھار كەپتۇ، يارا - يارا كۈنلەر ئىسسىپ كېتىپتۇ. ئىتمۇ تەڭلا ئىس-سىپتۇ؛ ئىت ئويناپ - كۈلۈپ، كەچ بولغان يەردە يېتىپ قىشتىكى قەسىمىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، «ئىت مۇزلىغاندا ساراي سالىدۇ، ئىسسىغاندا ئۇنتۇپ قالىدۇ» دېگەن تەمسىل پەيدا بولغان ئىكەن.

## مۇشۇك بىلەن چاشقان

بۇرۇنقى زاماندا مۇنداق بىر ئىش بولغان ئىكەن:

قېرى مۇشۇك بىر كۈنى بىر چاشقاننى تۇتۇۋېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ئىككى پۇتۇم گورگە ساڭگىلىدى. يېقىن ئاردا بۇ يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا كۆچۈپ كېتىمەن. ياش چېغىمدا، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماي، سىلەرگە تولا جەۋرى - زۇلۇم سالدىم. كۆچۈش ئالدىدا، هوزۇر خالىق ئېيتىپ، ھەممىڭلاردىن ئەپۇ سورىسام دەيمەن. سەن بېرىپ چاشقان ئەۋلادىنى قويماي چاقىرىپ كەلگىن.

چاشقان مۇشۇكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇش بوپتۇ. مۇشۇكنىڭ تەكلىپىنى بارلىق چاشقانلارغا يەتكۈزۈپتۇ. چاشقانلار مۇشۇكنىڭ ئىنساۋىغا رەھمەت ئوقۇشۇپ، دەرھال جەم بولۇپ، نۇرغۇن سوغا - سالام ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. يولدا بىر قېرى چاشقان توختاپ سوراپتۇ:

— جامائەتلەر جەم بوپتۇ، سەيپەرلەر قاياققا؟ — چاشقانلاردىن بىرسى بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قېرى چاشقان:

— ھەي، ئاخماقلار، بۇ، قېرى مۇشۇكنىڭ ھىلىسى، بىزنى بىر - بىرلەپ يوقىتالماي، مىڭلاپ يوقاتماقچى بول-

غىنى، بارماقلار، — دەپتۇ. توپلۇشۇپ كېلىۋاتقان چاشقان-
لار قېرى چاشقاننىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي، قېرى مۈ-
شۈكنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

قېرى مۈشۈك ئۆينىڭ ئالدىغىچە چىقىپ، چاشقانلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، ھەر بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. چاشقانلار ئۆيىگە تاما-ھەن كىرىپ بولغاندىن كېيىن، قېرى مۈشۈك ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ، چاشقانلارنىڭ دات - پەريادىغا قارىماي، بىر - بىرلەپ بوغۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تا ھازىرغىچە چاش-قان مۈشۈك بار يەرگە يولىمايدىكەن.

# تۈلكىنىڭ قۇيرۇق تاشلىشى

بىر تۈلكە ئېتىزلىقنى ئارىلاپ يۈرسە، ئىتلار كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئارقىدىن تاپ باستۇرماي قوغلاپتۇ. يەردە قار يوق كۈنلەر بولغاچقىمۇ، تۈلكە ئىتلارنى ئۆزىگە يەتكۈزمەي، قېچىپ بېرىپ ئىنىغا سالامەت كىرىۋاپتۇ.

تۈلكە ئىنىدا ئولتۇرۇپ، دەمىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى قۇلىقىدىن سوراپتۇ:

— سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟

— بىز شاپۇر-شۇپۇر، تاراس-تۇرۇس، تاڭ-تۇڭنى ئاڭلاپ سىزگە خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇردۇق.

— كۆزلىرىم سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟

— يولدا چىلىققان ياخشى-يامان ئىش-ھەركەتلەرنى كۆڭلىڭىزگە سىلىپ تۇردۇق.

— پۇت-قوللىرىم، سىلەر نېمە قىلدىڭلار؟

— بىز سىزنى ئادەمىزات ۋە ئىت-قۇشلارنىڭ قەستىدىن قۇتقۇزۇپ قالدۇق.

— قۇيرۇغۇم، سەن نېمە قىلدىڭ؟ — قۇيرۇق ئاڭلىمىغان بولۇپ تۇرۇۋاپتۇ. تۈلكە يەنە سوراپتۇ:

— ئېيتە قۇيرۇغۇم، سەن نېمە قىلدىڭ؟

— سىز ھېچنىمىگە قارىماي قاچقاندا، شاخ-شۇمبا،

قوراي - چاۋا، تىكەن - پىتەكلەرگە ئىلىنىپ قىلىشقا!
تاس قالدىم، — دەپ راستىنى ئېيتىپتۇ قۇيرۇق. تۈلكە
تۇرۇپ ئويلىنىپ، ئۆزىگە - ئۆزى: - مېنى ھەر بالاغا دۇچار
قىلىدىغان مۇشۇ قۇيرۇغۇم ئوخشايدۇ، دەپ، قۇيرۇغىنى
سىرتتا قاراپ تۇرغان ئىتلارغا يېگۈزۈۋەتمەكچى بولۇپتۇدە،
سىرتقا چىقىرىپتۇ. ئىتلار قۇيرۇقنى چىشلەپ تارتىپ،
تۈلكىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىنىدىن سۆرەپ چىقىپتۇ.

# مايمۇن بىلەن چۈمۈلە

بىر كۈنى مايمۇن چۈمۈلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاداش، پۇرچاق يېگىم كەلدى، يوق دېمەي بىر تويغىدەك پۇرچاق بەرسەڭ. — دەپ سوراپتۇ. چۈمۈلە مايمۇننى قۇرۇق قول قايتۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي، بىر چاڭگال پۇرچاق بېرىپتۇ.

پۇرچاق سېغىنىپ كەتكەن مايمۇن ئۆيىگە ئاپىرىپ يېمەستىن، شۇ يەردىلا بىر تالنى ئېغىزىغا سالغان ئىكەن، يەنى بىر تال پۇرچاق يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. مايمۇن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بىر تال پۇرچاقنى ئالماق بولۇپ ئېڭىشكەن ئىكەن، قېرىشقاندەك يەنە بىر نەچچە تال پۇرچاق يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. قايتىدىن چېچىلىپ كەتكەن پۇرچاقنى تەرمەك بولۇپ ئولتۇرغان ئىكەن، مايمۇننىڭ چاڭگىلىدىكى پۇرچاقنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يەنە توكۇلۇپ كېتىپتۇ. مايمۇن تېرىكىپتۇ - دە، چۈمۈلىگە قاراپ:

— بۇ بىر ئۇچۇم پۇرچاقنى رازى بولماي بەرگەن ئوخشايسەن، ئۇچۇمۇمدا زادىلا تۇرمىدى، ئۆزەڭگە ئاش بولسۇن، — دەپ سىقىمىدىكى قالغان پۇرچاقنىمۇ چۈمۈلىنىڭ ئالدىغا چېچىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ.

— بارنى جايلاپ يېيەلمىگەن ئابدالنىڭ خوجۇنىغا زىيان، — دەپتۇ چۈمۈلە ۋە يەرگە توكۇلگەن پۇرچاقنىڭ بىر تالىنىمۇ قويماي تېرىۋاپتۇ.

# بالا بىلەن تورغاي

بىر بالاتورغايني تولا سايرايدۇ، دەپ ئاڭلايدىكەنتۇ، قانداق سايرايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ بالا بىر كۈنى ئېتىزلىققا چىقىپ، كەڭ بوغدايلىقلار، چېچەكلەپ كەتكەن قىچا، زىغىر، پۇرچاقلار ۋە گۈللەپ كەتكەن ئاپتاپپەرەسلەرنى كورۇپ، چارچىغاندىن كېيىن، ئېرىقنىڭ قىرىدا ئولتۇرسا، بېشىدىكى بوشلۇقتا بىر تورغاي لەيلەپ تۇرۇپ سايراپتۇ. تورغاينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بالا بىردىنلا قىزىقىپ، تورغايني تۇتۇپ ئويىگە ئېلىپ كېتىشنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. لېكىن تورغايني زادىلا تۇتالماپتۇ. بالا ھېرىپ ـ ئېچىپ، ئاسماندا سايراۋاتقان تورغايغا ھاڭۋېقىپ قاراپ يۈرسە، بىر دىخان كېلىپ قاپتۇ.

ــ ئاغا، ماڭا ئاشۇ تورغايني تۇتۇپ بەرسىڭىز، ـ دەپ مۇراجەت قىپتۇ بالا.

ــ نېمە قىلىسەن؟

ــ باقىمەن، سايرىتىمەن.

ــ ئولتۇرۇپ قويارسەنمىكىن؟

ــ ياق، ئولتۇرمەيمەن، تۇتۇپ بېرىڭ! ــ بالا دىخانغا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. دىخان بالىنىڭ كوڭلىنى قىيالماي، ئېتىزلىقنى ئايلىنىپ، بىر تورغايني تۇتۇپ بېرىپتۇ.

بالا تورغاينى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، بىر چىرايلىق قەپەزگە سولاپ، دان چېچىپ سۇ قۇيۇپ بېرىپتۇ. ئاندىن تورغاينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر كۈن، ئىككى كۈن، ھەتتا ھەپتە ئۆتۈپ كېتىپتۇ-يۇ، تورغاي سايرىماپتۇ. قەپەزنىڭ ئىچىدە بىر نەرسىدىن بۇتىنىغاندەك ھورپىيىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

بالا بىر كۈنى نەدىندۇ تېرىق ئېلىپ كېلىپ، چېچىپ تۇرۇپ تورغايغا يالۋۇرۇپتۇ:

— دان چاچتىم، ماڭا قارا،
سايرا تورغىيىم، سايرا.
مەن قارايمەن، سايرىمساڭ،
كوڭلۇم بولمىدىكەن يارا.

شۇ ھامان تورغايغا زۇۋان كىرىپتۇ:

— ھەي بالا، سەن مېنى يۇرتۇمدىن جۇدا قىلىپ مۇشۇ تار قەپەزگە سولاپ قويدۇڭ. كەڭ جاھاننى كورمەي تۇرۇپ، قانداق سايراي!

بالا تورغاينىڭ زارىنى ئاڭلاپلا قەپەزدىن چىقىرىپ قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تورغاي باقمايدىغان، تورغاينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىسى كەلسە، ئېتىزلىققا چىقىدىغان بوپتۇ.

# سا بىلەن بۆدۆنە

بالىلىرىغا دان ئېلىپ كەلگەن بۆدۆنە ئۇۋىسى ئەتـ
راپىدىكى ئوت - چۆپ، قورايلارنىڭ ئورۇۋۇلۇپ، ئوچۇقچۇ-
لۇققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بالىلىرىغا:

— بالىلىرىم، ھەممە ياق يالىڭاچلا بولۇپ كېتىپتۇ.
سىلەر ئەمدى مەن يوتكىۋەتكىچە، مىدىرلىماي يېتىڭلار، — دەپ
نەسىھەت قىلىپ، يەنە دان ئېلىپ كېلىشكە كېتىپتۇ.

بۆدۆنە بالىلىرى ئانىسىنىڭ نەسىھىتىگە پەرۋا قىلـ
ماپتۇ. ئەتراپىنىڭ ئېچىلىپ، ئوچۇق - يورۇق بولۇپ قالـ
غانلىقىدىن خۇشال بولۇشۇپ، بىر بىرىگە:

— ئانىمىز قېرىپ ئالجىپ قاپتۇ، بىزنىڭ يورۇق جا-
ھاندا ئەركىن يايراپ يۈرۈشىمىزنى ياقتۇرمىسا كېرەك، — دەپ
كۈلۈشۈپ، ھەممىسى تەڭلا ئۇۋىسىدىن چىقىپ ئويۇنغا
چۈشۈپتۇ.

بۆدۆنە بالىلىرى ئويۇنغا كىرىشىپ كېتىپ ئوتمەيلا،
ئاسماندا بىر سا پەيدا بولۇپ، پەسكە بىر شۇڭغۇيلا،
بۆدۆنە بالىلىرىدىن بىرىنى چاڭگىلىغا قىسىپ ھاۋاغا كو-
تىرىلىپ كېتىپتۇ.

بۆدۆنە بالىلىرى قايتا ئۇۋىسىغا يىغىلىپ كوز يې-
شى قىلىپ تۇرسا، ئانىسى دان ئېلىپ كەپتۇ، ئانىسى نە-

مە ۋەقە ئىكەنلىكىنى سورىغان ئىكەن، ئويۈندىن چىققان ئاقىۋەتنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەممە ئەمدىلىكتە ئوت - چۆپ ئارىسىدىن چىقماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۆدۈنىلەر قېلىن ئوت - چۆپلۈك ئىچىدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالغان ئىكەن.

# خام خىيال

بىر بالا جاڭگالغا ئوتۇن ئالغىلى بېرىپ، بىرجىڭدىنىڭ تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، خىيالغا چۆكۈپتۇ:

—ھازىر مۇشۇ توشقاننى تۇتۇۋالسام، بازارغا ئاپىرىپ ساتسام، پۇلىغا بىر توخۇ ئالسام، توخۇ تۇخۇم تۇغسا، تۇخۇمنى كۈرۈك توخۇغا باسۇرۇپ بەرسەم، 15 چۆجە چىقارسا، چۆجىلەر چوڭ بولغاندا! سېتىپ بىر قوي ئالسام، قوي ئىككىدىن تۇغسا، چوڭ بولغان قوزىلارنى سېتىپ راسا كېلىشكەن بىر ئات ئالسام، مال-ۋاران پادا-پادا بولۇپ كەتسە، بىر قىسمىنى سېتىپ قورا جاي ئالسام، يەر ئېلىپ دېخانچىلىق قىلسام، بۇغدايلىرىم ئوخشاپ، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋىلەر پىشىپ كەتسە، ئاپام بىلەن دادام: «يارايسەن ئوغلۇم! يارايسەن!» دەپ كېتەتتى-ھە!—دەپ ۋاقىرىغان ئىكەن، توشقان ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. بالا:

—ھەسسىنە!— دەپ ئېغىزىنى تۇتۇپلا قاپتۇ.

# تاپقان پۇلنى ئۆچكە بولسەن

بىر يېزىدا يېشى قىرىقنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇ ئادەم تولىمۇ ئەمگەكچان بو-لۇپ، مەيلى يازنىڭ قاتتىق ئىسسىقلىرىدا ياكى قىشنىڭ قەھرىتان سوغلىرىدا بولسۇن، تىنىم تاپماي ئىشلەيدىكەن. بۇ كىشىنى دائىم ئۇچرىتىپ يۈرىدىغان بىر بوۋاي ئۇ-نىڭغا زوقلىنىپ، ئىچىدە: «بۇ نېمىدېگەن ئىشچان، نېمە-دېگەن غەيرەتلىك ئادەم. خۇدايىم قولىغا دەرت بەرمە-سۇن» دەيدىكەن.

بىر كۈنى ئىشچان ئادەم بىلەن بوۋاي ئۇچرىشىپ قاپتۇ، بوۋاي سوراپتۇ:

—بالام، نېمەگە ئىنە يەتمەي، شۇنچە ئىشلەيسەن؟

—ئائىلەم ئۇچۇن، ئاكىكى، ئۈچ كىشىنىڭ ئىشىنى قىلمىسام بولمايدۇ.

—ئۇنداق بولسا، ئىشلىگەنگە چۇشلۇق پۇل تاپىدى-كەنسەن — دە؟

—شۇنداق، تاپقان پۇلۇمنى ئۈچكە بولىمەن. بىرى-چىسىدە قەرزىمنى قايتۇرىمەن، يەنە بىرىچىسىنى قەرزگە بېرىمەن، قالغىنىنى ئۆزەم خەجلەيمەن، — دەپتۇ.

—ۋۇي، قەرز قايتۇرۇپ تۇرۇپ، يەنە قەرز بەرگىنىڭ

نېمىسى؟ بۇ تەرىپىڭ ماڭا قاراڭغۇ بولۇپ قالدىغۇ؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— مېنىڭ قولى ئىش — ئەمگەكتىن قالغان ئاتا - ئانام بار، ئۇلار مېنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان، ھازىر ئۇلار كۆچىدىن قالدى، ئەمدى مەن ئۇلارنى بېقىشىم كېرەك. بۇ مېنىڭ قەرز قايتۇرغىنىم؛ ئۆزەمنىڭ بالىلىرىم بار، ئۇلار تېخى كىچىك، ئۇلارنى بېقىشىم كېرەك. بۇمېنىڭ ئۇلارغا قەرز بەرگىنىم.

ياخشى پەزىلەتلىك كىشىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان بوۋاي:

— ياشا ئوغلۇم، قولۇڭغا دەرت بەرمىسۇن، مۇرادىڭغا يەت! — دەپتۇ.

*

# پۇشايمان

يازلىغى ئوتلاق تولىمۇ مولچىلىق بولىدىكەن. شۇڭا ئوتلاقتا بىللە ياشىغان موزاي، قوزا ۋە ئوغلاق كۈنلەرنى باياشات ئۆتكۈزۈپتۇ، غەم - قايغۇ قىلماپتۇ. يوقنىڭ دەردىنى تارتماپتۇ.

كۈز كىرىپ، سوغاق قىش يېقىنلىشىپ، كۈن سوۋۇشقا باشلاپتۇ. قوزا بىلەن ئوغلاق يۇڭى ئۇسكىلەڭ بولغاچقا پەرۋاسىز يۈرۈۋېرىپتۇ. مۇزلىغان موزاي قوزىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئاداش، يېزى بار يەرنىڭ قىشى بار دېگەن گەپ بار ئىكەن، كۈننىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا بىرلىشىپ بىر ئۆي سېلىۋالمايمىزمۇ؟ — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

— مېنىڭ چاپىنىم قېلىن، قىشنى ئۆي سالمايمۇ بەھۇزۇر ئۆتكۈزەلەيمەن، — دەپتۇ قوزا.

موزاي ئوغلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئوغلاق ئاداش، قىش كېلىۋاتىدۇ، ئىككىمىز بىرلىشىپ بىر ئۆي سالايلى. بولمىسا قىشتا توڭلاپ قالىمىز، — دەپتۇ.

— مەن ھەر قانداق سوغدىن قورقمايمەن، ئۆي - ماكانسىزمۇ كۈنۈم ئۆتۈۋېرىدۇ. ئۆزەڭ سال، — دەپتۇ ئوغلاق.

قوزا بىلەن ئوغلاقنى سۆزىگە كىرگۈزەلمىگەن موزاي

كۆز كۆنلىرىنى ئۇتكۈزۈۋەتمەي ئۇزىگە لايىقلا بىر ئوي سېلىۋاپتۇ.

قىش كىرىپ سوغ بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. قوزىنىڭ قېلىن جۇگىسى ھېچ كارغا يارىماپتۇ، قوزا ئۇياققا - بۇياققا قاتراپ يۈرۈپ، ئامالسىز بىر نەچچە كۈنني ئۇتكۈزۈپتۇ، بىراق زادىلا ئىسسىماپتۇ. ئاخىرى يۈزىنى داپتەك قىلىپ، موزاينىڭ ئويىنى ئىزلەپ تېپىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ:

—ئىشىكنى ئاچ، توڭلاپ ئۆلەي دىدىم.

—سېنىڭ قېلىن جۇگاڭ بار ئەمەسمىدى؟

—سوغ ئۇتۇپ كەتتى.

—كىر ئەمىسە.

قوزا كاڭغا چىقىپ، تۈگۈلۈپ يېتىپتۇ.

—ۋاي ئاداش، توڭلاپ ئۆلەي دىدىم، بول، ئىشىكنى ئاچ،—دەپتۇ ئوغلاقمۇ كېلىپ. قوزىنىڭ ھالىنى كورۈپ ئوغلاقنى كوز ئالدىغا كەلتۈرگەن موزاي دەرھال ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئوغلاق ئوچاقنىڭ ئالدىغا ئارانلا ئۆلۈگۈرۈپتۇ. موزاي ئىككى دوستىغا قاراپ:

—قىش قانداق ئىكەن؟—دەپتۇ.

—ۋاي، يازغا ئوخشىمايدىكەن، سېنىڭ ئىلتىماسىڭغا قوشۇلمىغانلىغىمىزدىن مىڭ بىر پۇشايمان يىدۇق،—دەپتۇ قوزا بىلەن ئوغلاق تەڭلا.

# شەپەرەڭ بىلەن ئوكۇز

شەپەرەڭ ئەمدىلا ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ ئارام ئېلىۋاتقان ئوكۇزنىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ ئوتۇۋېرىپتۇ. ئوكۇز ئۇخلىيالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپقا قاراپتىمۇ - دە، شەپەرەڭنى كورۇپ قاپتۇ. ئوكۇز شەپەرەڭنىڭ كېچىدە ئوزىمۇ ئارام ئالماي، باشقىلارغىمۇ ئارام بەرمەي ئۇچۇپ يۇرگەنلىكىدىن خاپا بولۇپ:

—ھەي، نىمانچە ئويۇنغا تويمايدىغان نىمە سەن، كېچە ھەممىنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتى. مەن كەچ كىرگىچە ئىشلەپ يېڭىلا كەلدىم، مېنى ئارام ئالغىلى قويامسەن - يوق؟ — دەپتۇ.

—جېنىم دوستۇم، قوسۇغۇم ئاچ، ئۇچمىسام قوساق تويمايدۇ، بالىلىرىمغا ئوزۇق تېپەلمايدۇ، ساڭا ياخشىسى، مېنىڭ ئالدىمغا يەم - بوغۇز توكۇپ، ئوت - چوپ سېلىپ قويىدىغانلار يوق.

شەپەرەڭنىڭ سوزى يۇۋاش - يۇمشاق ئوكۇزنى تېرىكتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئوكۇز:

—كېچىككىنە قوسۇغۇڭنىڭ غەمىنى كۇندۇزى قىلساڭ بولمامدۇ؟ تىرىكچىلىك كۇندۇزى بولىدۇ، ئوزۇغۇڭ بولمىسا، مۇنۇ يەمدىن ئېلىپ، قوسۇغۇڭنى تويغاز، —دەپ شە-

پەرەڭگە يەم تەگلەپتۇ.

شەپەرەڭ ئوكۇزگە ئارامچىلىق بەرمىگەنلىكىنى بىلىپ:

— مەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنى چېقىپ، قېنىنى شوراپ ئارام بەرمەيدىغان چىۋىن، پاشىلارنى قىرىمەن. بۇلار ماڭا ئوزۇق بولىدۇ. يەم-بوغۇز كېرەك ئەمەس، ساڭا رەخمەت، — دەپتۇ.

شەپەرەڭنىڭ «چىۋىن، پاشىلارنى قىرىمەن» دىگەنىنى چىۋىن، پاشا دەستىدىن قۇيرۇغىنى بىردەممۇ تىنىچ تۇرغۇزمايدىغان، ھەتتا بويۇنلىرىنى تاملارغا سۈركەپ كېتىدىغان ئوكۇزگە يېقىپ كېتىپتۇ-دە، شەپەرەڭگە مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم، مەن بىلمەپتىمەن، مېنى كەچۈرگىن. مەن ئادەملەر ئۈچۈن ئىشلەيمەن، سەن ئادەملەر ۋە بىز ئۈچۈن چىۋىن، پاشىلارنى قىرىدىكەنسەن. ئەمدى ئىككىمىز بىللە ياشايلى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوكۇز بىلەن شەپەرەڭ بىر قورادا بىللە ياشاپتۇ.

## قايسى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھىمدىل؟

بىر تايغان تۆلكىنى قوغلاپ يېزا ئىچىگە كىرىپ كەپتۇ. قورققىنىدىن تىلى بىر غېرىچ سانگىلاپ كەتكەن تۆلكە بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ، تايغاندىن سەل ئۆزاپتۇ - دە، مۈشۈككە يولۇقۇپ قاپتۇ:

— ھەي ھورمەتلىك مۈشۈك، سەن بىلىسەن بۇ ئەتراپتا قايسى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھىمدىل؟ مەن كىردۈۋېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلسام، — دەپ سوراپتۇ.

— مانا، مۇشۇ ئۇدۇلۇڭدىكى ئۆينىڭ ئىگىسى رەھىمدىل، نۇرغۇن ئۆيلىرى، ئېغىل - قوتانلىرى بار، كىردۈۋالسەن، — دەپتۇ مۈشۈك.

— ھەي، ياقەي، — دەپتۇ تۆلكە بېشىنى چايقاپ، — مەن بىر زاماندا بۇ ئادەمنىڭ بىر ئاق غېزىنى يەۋەتكەن ئىدىم.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ مۈشۈك يول بويىدىكى باغۋارانلىق بىر ئۆينى كورسىتىپ، — بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى رەھىمدىل، سېنى ھەر ئامال بىلەن ئامان ساقلاپ قالىدۇ.

— بولمايدۇ، مەن بىر چاغدا بۇنىڭ بىر ئۆردىكىنى يەپ قويغان.

مۈشۈك ھەيران بولۇپ:

—ھەي، بۇ ئەتراپتىكىلەرگە ئالا قويماي زىيان
سالغان ئىكەنسەن، ئەمدى ساڭا رەھىم قىلغىدەك بىرەسى چىقار-
مۇ؟ — دەپتۇ تۈلكىگە.
—چىقىپ قالار، «يۇرت ئىچىگى كەڭ» دىگەن گەپ
بار. تايغان يېتىپ كەلگىچە يەنە بىرىنى كورسەتكىنە؟—
دەپتۇ تۈلكە.
مۈشۈك يىپزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئويىنى كورسى-
تىپتۇ، تۈلكە ئۈنىڭمۇ بىر توخۇسىنى يەپ قويغىنى ئۈچۈن:
—مۈشۈك ئاداش، بۇمۇ بولمايدۇ،—دەپتۇ. ئاڭغىچە
تايغان يېتىپ كەپتۇ. مۈشۈك تۈلكىگە قاراپ: —
—كوردۈڭمۇ، ئەمدىكى «رەھىم» نى ساڭا مۈش
لىۋاتقان تايغان قىلسۇن،—دەپ تايغاننى كورسـ

# پەم

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوتۇنچى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى پالتا ۋە ئاغامچىسىنى كۆتىرىپ جاڭگالغا كېتىۋاتسا، يوغان بىر ئېيىق ئالدىغا چىقىپ قاپتۇ. ئېيىق دەرھال ئوتۇنچىغا:

— ھەي، مەن سەن بىلەن چېلىشىپ كۈچ سىناشماقچىمەن، قانداق دەيسەن؟ — دەپتۇ.

ئوتۇنچى ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپتۇ. لېكىن ئېيىققا سەزدۈرمەي، ئۆزىنى مەردانە تۇتۇپ، «ئەگەر ئېيىق بىلەن چېلىشسام ھەش-پەش دىگىچىلا مېنى ئىككى پۈكلىۋېتىدۇ، چېلىشمىسام قارشىلىق قىلدىڭ دەپ يەپ قويىدۇ، ئۆزەمدىن كورە ئېيىقنى پەم بىلەن يېڭىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئېيىققا:

— مەنمۇ سەن بىلەن چېلىشىپ كۈچۈمنى سىناپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئىدىم. بۈگۈن ياخشى ئۇچراپ قالدىڭ. بىراق مەن كۈچۈمنى ئۆيدە قويۇپ كەپتىمەن ئەكىلىۋالاي، سەن قېچىپ كەتمە، — دەپتۇ. ئېيىق:

— كۈچۈڭنى چاپسان ئېلىپ كەل، — دەپتۇ. ئوتۇنچى بۈگۈنغۇ «كۈچۈمنى ئەكىلەي» دەپ قۇتۇلارمەن،

ئەتە ياكى ئۆگۈن يەنە ئۇچراپ قالسا. قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بىر پەم ئىشلىتەي، دەپ ئويلاپتۇ – دە، ئېيىققا:

— مەن كەلگىچە قېچىپ كەتسەڭ. ئۇ چاغدا سېنى نەدىن تاپىمەن؟ — دەپتۇ.

— ياق، قېچىپ كەتمەيمەن.

— ئىشەنمەيمەن.

— قاچمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، مەن سېنى باغلاپ قويۇپ كەتسەم قوشۇلامسەن؟

ئېيىق ماقۇل بوپتۇ. ئوتۇنچى ئاغامچا بىلەن ئېيىقنى دەرەخكە چەمبەر چەس باغلاپ قويۇپتۇ ۋە:

— مانا. كۈچۈڭنى كۆرۈپ قويغىن، — دەپ پالتىسى بىلەن ئېيىقنى چاناپ نەچچە پارچە قىلىۋېتىپتۇ.

# ئۈچ ھورۇن

بۇنىڭدىن خېلى زامان بۇرۇن ئۈچ ھورۇن ئۆتكەن ئىكەن، ئۇلار بىر بىرى بىلەن دوست بولسىمۇ بىرەر ئىشنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئەزمىلىك قىلىپ، بىر-بىرىگە ئىتتىرىپ، ۋاقتىدا پۈتتۈرمەيدىكەن.

ئۈچ ھورۇننىڭ بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ، سەيلە قىلماق بولۇپ، بىر ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ، سەھراغا مېڭىپتۇ. ئۇلار ئەزمىلىك قىلىپ، دېگەن قەرەلدە سەھراغا يېتىپ بارالماي، بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا كېلىپ توختاپتۇ.

كۆپ ئۆتمەيلا بىر بالا قېتىق ۋە نان ساتقىلى كېپتۇ. قوسىقى ئېچىپ كەتكەن ئۈچ ھورۇن پۇل يىغىش قىلىپ بالىدىن قېتىق ۋە نان سېتىۋاپتۇ. ئۈچ ھورۇن ئۆستەڭدىن سۇ ئەكىلىپ قول يۇماقچى بولۇپتۇ.

— سۇنى سەن ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ بىرىنچى ھورۇن ئىككىنچى ھورۇننى.

— نېمىشكە مەن ئەكىلىمەن؟ مۇنۇ ئېلىپ كەلسۇن، — دەپتۇ ئىككىنچى ھورۇن ئۈچىنچى ھورۇننى كۆرسىتىپ.

— مەنما؟ — دەپ ئىككىسىگە كۈلۈپتۇ ئۈچىنچى ھورۇن، — ئىت ئېلىپ كەلسۇن.

شۇنداق قىلىپ ئۈچ ھورۇن ئىككى چامدام يەردى-
كى سۇنى ئېلىپ كېلىشكە ھورۇنلۇق قىلىپ، بىرسى يەنە
بىرسىنى بۇيرۇپ، كۈننى كەچ قىپتۇ. ئاخىرى بىر بى-
رىگە ماي تارتىشىپ گەپمۇ قىلماي، جىم بولۇشۇپتۇ. شۇ
ئارىدا، ئىت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ناننى يەپ، قې-
تىقنى ئىچىۋېتىپتۇ.

## ,,تەقدىرگە تەن بەرگىن،،

بىر يېزىدا بەكمۇ سالاپەتلىك ۋە پاكىز قېرىغان بىر بوۋاي بار ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ بوۋاي ئاغرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى بۇ يېزىدىكى بىر يىگىت بوۋايىنى يوقلاپ كىرىپتۇ. يىگىتنى كۆرۈپ بوۋايىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

- ئوغلۇم، تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان نۇرغۇن ئارزۇ- ئارمان [illegible] ئىدى، ناۋادا قازايى - قەدەر يېتىپ قال- سا ش [illegible] ن بولدى - دە، — دەپ ياش تۆكۈپتۇ.

[illegible] دادا، — دەپتۇ يىگىت، — سەن يەيدى- غ [illegible] دىغىنىڭنى كېيىپ بولدۇڭ. ساقلىقىڭ ئا [illegible] ارغايدى. سەن چونەكتىكى پەرىشىپ ق [illegible] نى بىرسى ئاجراتمىسىمۇ ئۆزى پەلەك- [illegible] دۇ. قوغۇنلۇقتا كىرگەنلەر ئالدى بىلەن [illegible] ۇ. تەقدىرگە تەن بەرگىن!

[illegible] تەسەللىسى بوۋايىنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق [illegible] ئۆتۈپ ھېلىقى بوۋاي ساقىيىپ، يىگىت [illegible] بوۋاي ئۇنى يوقلاپ كىرسە، يىگىت [illegible]

[illegible] دۇنيانىڭ ھېچقانداق لەززىتىنى كۆرمىدىم، [illegible] نىڭ بىرسىمۇ ئىچىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەت-

سەم قانداقمۇ قىلارمەن؟... — دەپتۇ.

— ھەي بالام، ئورۇنسىز ئوكۇنمە، بىر قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە، قوغۇننىڭ پىشىشىغىنىمۇ، توگىنىمۇ ئۆزۈدۇ. ئولۇمنىڭ نوۋىتى كەلسە ياش قىرىغا باقمايدۇ. ئۆلىمگىغا نىمە ئامال بار؟! تەقدىرگە تەن بەرگىن! — دەپتۇ.

## تومۇرچىنىڭ جاۋابى

بۇرۇنقى زاماندا بىر زالىم پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ھامان قول ئاستىدىكىلەردىن مۇمىن بولۇشنى، نوزىگە ئۇچراشقاندا، قول قوشتۇرۇپ، ئۇن - تىنسىز، يەرگە قاراپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن. بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغۇچىلارنى دەرھال سوراقسىز تارتىپ جازالايدىكەن.

پادىشا بىر كۈنى بازارنى ئارىلاپ، تومۇرچىلىك بازىرىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەردىكى جاڭ - جۇڭ، جاراڭ - جۇرۇڭ پادىشانىڭ غەزىپىنى قوزغاپتۇ. پادىشا يېنىدىكىلەردىن:

— بۇ نېمە غەۋغا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، تومۇرچىلەردىن سوراڭ. — دەپتۇ بىرسى. پادىشا دەر غەزەپ بولۇپ، قىلىچ يالىڭاچلاپ، بىر ياشانغان تومۇرچىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا دۈمبىلەپ كېلىپ:

— جاراڭ - جۇرۇڭنى توختات! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. تومۇرچى بولسا ئۇرۇشنى توختاتماپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن جىملىقنى بۇزۇپ غەۋغا قىلىسەن؟

— پادىشاھىم، بۇ ئاتا كەسپىم ئىدى، مەن شۇنىڭ بىلەن ھايات كەچۈرىمەن، جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ، غەۋغا چىقارغىنى تومۇر. جاۋابىنى تومۇر-

دىن سورىسىلا، تەقسىر، — دەپتۇ تومۇرچى سالماق ھالدا.

— ھەي، تومۇر. — دەپتۇ پادىشا تومۇرگە، — نىمە ئۈچۈن جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ غەۋغا كوتىرىسەن؟

تومۇرگە دەرھال زۇۋان كىرىپتۇ:

— ھەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ تومۇر. — ئۇستۈمدىكى بازغانمۇ تومۇر، ئاستىمدىكى سەندەلمۇ تومۇر. ئۆز جىنسىم ئارىسىدا مۇجۇلغانلىغىمغا يىغلايمەن.

(يۇقۇرقى مەسەللەرنى تۇرسۇن زىرىدىن توپلاپ رەتلىگەن)

# ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (2)


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 4.125

1982 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1983 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M10098·699

تىرازى: 1 — 25,000

باھاسى: 0.22 يۈەن

统一书号：M10098·699
定　　价：0.22元